# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

## 中亚信息

INFORMATION OF CENTRAL ASIA

III

'97

# 目　次　《中亚信息》

1997年第1期
（总第72期）


**法规**

乌兹别克斯坦共和国关于刺激外国投资并向其提供优惠规定的总统令 ………(3)
国务院对出国招商有新规定 (5)
我区外资利用的现状及对策 (6)

**资料**

中亚五国经济发展趋势 ……(10)
哈1996年上半年通货膨胀状况 ……………………………(16)
土库曼斯坦天然气的开发前景 ……………………………(17)
土库曼斯坦的农业改革 ……(21)
哈萨克斯坦1996年农业状况(24)
独联体经济联盟成员国应统一对外经济活动法规 ………(26)
国际石油市场前景预测 ……(28)

**边贸信息**

跨国公司着眼于另一个中国(32)
俄将限制旧铜铁出口 ………(36)
俄哈边境贸易问题 …………(37)
哈正在拓宽外贸合作伙伴 …(38)
棉花市场疲软不会持久 ……(40)
1997年俄联邦财政预算 ……(41)
印度将成为主要大米出口国(42)
交通部对进口废物运输实施新规定 ……………………(42)
吉尔吉斯斯坦小麦丰收 ……………(43)
哈提高铁路货运税率 ………………(43)
独联体国家偿还俄债务采取新方式(44)
乌加入国际贸易组织 ………………(44)
独联体采取措施支持企业 …………(45)
白俄罗斯对进口商品增收附加费…(45)
哈将成为东南亚和欧洲之间的桥梁(46)
哈在里海发现巨大油气田 …………(47)
哈第5商业银行破产 ………………(47)
永久性的批发市场 …………………(48)
乌轻工业将稳步发展 ………………(49)
韩国决定取消4种原料进口关税…(49)


本期责任编辑：牙尔买买提

# بۇ ساندا

## «قانۇن - بەلگىلىمە»

ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭىنىڭ چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا قوللىنىدىغان ئېتىبار بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنىڭ قوشۇمچە شەرتلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ......... (3)

گوۋۋېيۈەن چەت ئەللەردىن سودىگەر چاقىرىش توغرىسىدا يېڭى بەلگىلىمە چىقاردى ......... (5)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تەدبىرى ......... (6)

## «ماتېرىيال»

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۈنىلىشى ......... (10)

قازاقىستاننىڭ 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى پۇلىنىڭ پاخاللىشىش ئەھۋالى ......... (16)

تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز ئېچىش ئىستىقبالى ......... (17)

تۈركمەنىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى ......... (21)

قازاقىستاننىڭ 1996 - يىلىدىكى يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى ...... (24)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىقتىسادىي ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى قائىدە-نىزاملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك ......... (26)

خەلقئارا نېفىت بازىرىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى مۆلچەر ......... (28)

باش مۇھەررىر :
جاڭ يۈجۈ
نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر :
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر:
شەرىفە ئىسھاقوۋا

مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار:
مۇنەۋۋەر قادىر
يارمۇھەممەت ئىبراھىم
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

بۇ ساننىڭ مەسئۇل تەھرىرى :
يارمۇھەممەت ئىبراھىم

## «چېگرا سودا خەۋەرلىرى»


دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەر يەنە بىر « جۇڭگو » غا دىققەت قىلماقتا ......................(32)

روسىيە كېرەكسىز ، كونا پولات ـ تۆمۈر ئېكسپورتىنى چەكلىدى ......................(36)

روسىيە بىلەن قازاقىستاننىڭ چېگرا سودا مەسىلىسى ......................(37)

قازاقىستان تاشقى سودا ھەمكارلىشىش شېرىكلىرىنى كېڭەيتمەكتە ......................(38)

پاختا باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى ئۆزۈنغا سوزۇلمايدۇ ......................(40)

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ 1997 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى ......................(41)

ھىندىستان گۈرۈچ ئېكسپورت قىلىشتىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى ......................(42)

قاتناش مىنىسترلىكى ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز ماتېرىياللارنى توشۇشتا يېڭى بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويدى ......................(42)

قىرغىزىستان بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئالدى ......................(43)

قازاقىستان تۆمۈر يولدا مال توشۇش باج نىسبىتىنى ئۆستۈردى ......................(43)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر روسىيىگە قەرز تۆلەشتە يېڭى ئۇسۇل قوللاندى ... (44)

ئۆزبېكىستان خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىردى ......................(44)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى كارخانىلارغا ياردەم بەردى ......................(45)

بېلورۇسىيە ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن قوشۇمچە ھەق ئالدى ......................(45)

قازاقىستان ــ سەئۇدى ئەرەبىستان ئىككى دۆلەت سودىسى يىلدىن ـ يىلغا ئاشماقتا ......................(46)

قازاقىستان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ ......................(46)

قازاقىستان كاسپىي دېڭىزىدا غايەت زور نېفىت تەبىئىي گاز زاپىسىنى بايقىدى ......................(47)

قازاقىستاننىڭ 5 ـ سودا بانكىسى ۋەيران بولدى ......................(47)

مەڭگۈلۈك توپ سېتىش بازارلىرى ......................(48)

ئۆزبېكىستاننىڭ يېنىك سانائەتتى پۇختا قەدەملەر بىلەن راۋاجلانماقتا ......................(49)

كورىيە تۆت خىل خام ئەشيانىڭ ئىمپورت بېجىنى بىكار قىلدى ......................(49)

# ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭىنىڭ چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىش ۋە رىغبەتلەندۇرۇش تۈزۈمىنىڭ قوشۇمچە شەرتلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ۋە چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش قانۇنى» ئاساسىدا، ئېكسپورت ۋە ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك تىجارەت ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىقتىسادىغا مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە مەزكۇر بۇيرۇقنى چىقىرىمەن.

1 . 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يەرلىك ئورگانلاردا دۆلەت رويخىتىگە تىزىملىنىدىغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلار كىرىدۇ:

كارخانىنىڭ بەلگىلەنگەن فوندى ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرغاندا 300 مىڭ دوللاردىن تۆۋەن بولمىغان كارخانىلار؛

كارخانا قۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى چوقۇم چەت ئەل قانۇنىي شەخس بولغان كارخانىلار؛

كارخانىنىڭ بەلگىلەنگەن فوندىدا چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 30%تىن تۆۋەن بولمىغان كارخانىلار.

يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى هازىرلىيالمىغان، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان كارخانىلار چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ خىل كارخانىلارنىڭ دۆلەت رويخىتىغا تىزىملىتىش رەسمىيىتى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە كارخانا جايلاشقان ئورۇندىكى شەھەرلىك، رايونلۇق هۆكۈمەتلەردە بېجىرىلىدۇ.

2 . چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى قاتارىغا كىرىدىغان كارخانىلار، يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە بەلگىلەنگەن پائالىيەت بويىچە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتتىن ياكى مۇلازىمەتتىن كىرگەن كىرىمى، كارخانىنىڭ خوجىلىق پائالىيەت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 60%تىن يۇقىرى بولغان، چەت ئەل مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلغان كارخانىلار، ئۇنىڭ تارماق كارخانىلىرى چەت ئەل بىلەن شېرىكچىلەشكەن كارخانىلاردىن ئىبارەت.

3 . مەزكۇر بۇيرۇق چىقىرىلىشتىن بۇرۇن تىزىملانغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار بەھرىمەن بولىۋاتقان باج تۈزۈمىدىكى ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى ئەسلىدە بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

4 . 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈ-

نىدىن باشلاپ ، چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان باجدا ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى ۋە كاپالەتلەرگە تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى تولۇقلانسۇن :

1) جۇمھۇرىيەتنىڭ مەبلەغ سېلىش پىروگراممىسىغا مەبلەغ سالغان ، چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنى پايدا بېجىدىن كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە ئۇزارتىلسۇن .

مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ 1 ـ ماددىسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ، جۇمھۇرىيەتنىڭ مەبلەغ سېلىش پروگراممىسىغا بۇرۇنلا كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا قارىتىلغان باج ئىشلىرىدىكى ئېتىبار بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئومۇمىي مۇددىتى ، ئەسلىدىكى بەھرىمەن بولۇش مۇددىتىنى ھېسابقا ئېلىپ يەتتە يىلغا ئۇزارتىلسۇن .

2) بەلگىلەنگەن مەبلەغ فوندىدا چەت ئەل مەبلىغىنىڭ نىسبىتى 50% ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ پايدا بېجى نىسبىتى تۆۋەنلىتىلسۇن ، ئۇلارنىڭ پايدا بېجىنىڭ نىسبىتى بەلگىلەنگەن مەبلەغ فوندىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىغا قاراپ تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنسۇن :

300 مىڭدىن 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغانلارنىڭ پايدا بېجى ئۆلچەم نىسبىتى 20% ؛

1 مىليون ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغانلارنىڭ پايدا بېجى ئۆلچەم نىسبىتى 16% بولسۇن .

3) يېڭىدىن قۇرۇلغان ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان ، ئىمپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورنىنى دەسسەيدىغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى بولسا :

ئەگەر ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىدە باللارغا ئىشلىتىدىغان مەھسۇلات نىسبىتى 25%تىن يۇقىرى بولسا ، كارخانا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ بەش يىل مۇددەت ئىچىدە پايدا بېجىدىن كەچۈرۈم قىلىنسۇن . ئاندىن كېيىنكى يىللىرى بۇ خىل كارخانىلارنىڭ پايدا بېجى ئۆلچىمى شۇ ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلچەمدىن بىر ھەسسە تۆۋەنلىتىلسۇن ؛

چەت ئەل مەبلىغىنىڭ بەلگىلەنگەن فوندىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ ئىككى يىلغىچە پايدا كەچۈرۈم قىلىنسۇن .

پايدا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى تارقىتىلغاندا ، باجدا ئېتىبار بېرىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى پايدا بېجى تىجارەت ۋاقتى بويىچە تولۇق ئېلىنىدۇ .

4) چەت ئەل مەبلىغىنىڭ بەلگىلەنگەن مەبلەغ فوندىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كېڭەيتىشكە ئىشلەتكەن پايدىدىن پايدا بېجى ئېلىنمىسۇن .

5) 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تىجارەت قىلىنىۋاتقان ۋە دۆلەت رويخېتىدە تىزىملانغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانا قۇرۇش ھۆججەتلىرىنى تەييارلاپ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدلىيە مىنىسترلىكىدە قايتىدىن تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتسە ، باجدا ئېتىبار بېرىش قوشۇمچە شەرتلىرى بۇ خىل كارخانىلارغىمۇ كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ .

5 . 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولمىغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا نۆۋەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋە تولۇقلانغان باجدا ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى كېڭەيتىپ قوللىنىلمايدۇ .

6 . دۆلەت رويخېتىگە تىزىملانغان كۈنىدىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە كارخانا قۇرۇش ھۆججەتلىرىدە بېكىتىلگەن بەلگىلەنگەن مەبلەغ فوندى شەكىللەنمىگەن چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار قۇرۇلمىغان كارخانا دەپ قارالسۇن .

7 . ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مىنىسترلار كابىنېتى ئىككى ھەپتە مۇددەت ئىچىدە ھازىر كۈچكە ئىگە قانۇن - بەلگىلىمىلەر ۋە ھۆججەتلەرگە مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ روھى بويىچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش پىكىر لايىھىسىنى تەييارلاپ چىقسۇن .

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى :

ئى . كەرىموۋ .

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

تاشكەنت

ئىلدان ئىسھاقوۋ روسچىدىن تەرجىمە قىلدى .

# گوۋۇيۈەن چەت ئەل سودىگەرلىرىنى چاقىرىش توغرىسىدا يېڭى بەلگىلىمە چىقاردى

1996 - يىلى تاشقى ئىقتىساد سودا مىنىسترلىكى بىلەن جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى بىرلىكتە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەملىكەت خاراكتېرلىك چەت ئەلگە چىقىپ سودىگەر چاقىرىش سۆھبەت يىغىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا ، ھەر قايسى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرى بىردەك توختىتىلدى . تاشقى ئىقتىساد سودا مىنىسترلىكى تەستىقلىغان ھەمدە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق داۋاملىق ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغان ئايرىم سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرىنى تاشقى ئىقتىساد مىنىسترلىكى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن داۋاملىق ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ .

بۇندىن كېيىن ، چەت ئەلگە چىقىپ سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرىنى تاشقى سودا مىنىسترلىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ . چەت ئەلگە چىقىپ سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىكنى تاشقى سودا مىنىسترلىكى بىلەن جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرىدۇ ، يەرلىك خاراكتېرلىكنى ھەر قايسى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە ئايرىم پىلانغا كىرگۈزۈلگەن شەھەر ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇيۇشتۇرىدۇ . ھەر قايسى خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە تارماقلارنىڭ بۇ خىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ .

ساياھەت قىلىش ، چېگرىدىن ئۆتۈپ سودا قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا ياكى ئىقتىسادى سودا گۇرۇپپىلار نامىدىن چەت ئەلگە چىقىپ سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ . ساياھەت ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى سودىگەر چاقىرىش ئۆمەك ۋە گۇرۇپپىلىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بەرمەسلىكى كېرەك .

دۆلەت كەسپىي باش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا توغرا كېلىدىغان پائالىيەت تۈرلىرى ۋە ئىجازەت بېرىلگەن نورمىدىكى تاۋارلارنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بولغان تۈرلەر ، دۆلەت باش تارماقلىرىنىڭ يازما رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن چەت ئەللەر بىلەن كېڭەشىشكە بولىدۇ .

شاھزادەم سېيىت (ت)

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تەدبىر

**1 . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى**

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ، ئاپتونوم رايونىمىز چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىن جەمئىي 725 ( سودا ـ سانائەت ئورۇنلىرىدا تىزىمغا ئالدۇرغىنى 617 ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ ، سودا باشلىغىنى 400 ) نى تەستىقلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە شېرىكلەشكەن كارخانا 605 ، ھەمكارلاشقان كارخانا 36 ، چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانا 84 . كېڭەشكەن چەت ئەل مەبلەغ سوممىسى 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى 225 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان .

چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان قۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرى 460 بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 63% نى ئىگىلەيدۇ ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى تەخمىنەن 120 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئۇ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 53% نى ئىگىلەيدۇ . ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرلەر ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تۈرلىرى توققۇز بولۇپ 2% نى ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى تەخمىنەن 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، 2.2% نى ئىگىلەيدۇ ؛ سانائەت تۈرلىرى بولسا 451 بولۇپ ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى 115 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان . غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرلەردە ، ساياھەت مېھمانخانىلىرى ، مۈلكى زېمىن ۋە مۇلازىمەتلىق كەسىپ تۈرلىرى 168 بولۇپ 23%نى ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى چەت ئەل مەبلىغى تەخمىنەن 105 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 47% نى ئىگىلەيدۇ .

باشقا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسىدە ، شياڭگاڭ رايونى مەبلەغ سالغان تۈرلەر 400 گە يەتكەن بولۇپ 55.2% نى ، ئەمەلىي سالغان مەبلەغ 130 مىليون دوللار بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 59% نى ئىگىلەيدۇ ؛ قازاقىستان مەبلەغ سالغان تۈرلەر 66 بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 9.1% نى ، ئەمەلىي سالغان مەبلەغ 14 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 6%نى ئىگىلەيدۇ ؛ تەيۋەن رايونى مەبلەغ سالغان تۈرلەر 55 بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 7.6% نى ، ئەمەلىي سالغان مەبلەغ 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بو-

لۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 9% نى ئىگىلەيدۇ ؛ ئامېرىكا مەبلەغ سالغان تۈرلەر 54 كە يەتكەن بولۇپ 7.4% نى ، ئەمەلىي سالغان مەبلەغ 24 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 11% نى ئىگىلەيدۇ . ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ مەبلەغ سالغان تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغان دۆلەت ۋە رايونلاردىن يەنە ئاۋمېن ، قىرغىزىستان ، ياپونىيە ، ئاۋستىرالىيە ، سىنگاپور ۋە كانادالار بار . نۆۋەتتە 30 دۆلەت ۋە رايوننىڭ سودىگەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا كارخانا قۇردى .

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ، ئاپتونوم رايونىمىز ، چەت ئەل ھۆكۈمىتىنىڭ قەرز پۇلىنى ئەمەلىي ئىشلەتكەن تۈرلەردىن جەمئىي 41 نى تەستىقلىدى ، ئۇنىڭ كېلىشىم سوممىسى 830 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئەمەلىي ئىشلەتكىنى 634 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، قەرز پول بەرگەن دۆلەتلەر ئاساسلىقى ئەنگلىيە ، ئىسپانىيە ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ، كۇۋەيت ، فرانسىيە ۋە ياپونىيىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 340 مىليون ، 200 مىليون ، 74.1 مىليون ، 45.4 مىليون 36.27 مىليون ۋە 33.47 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بەرگەن . تۈرلەر بويىچە ئاساسلىقى نېفىت خىمىيە سانائەت تۈرلىرىدىن بەش ، پوچتا ئالاقە تۈرلىرىدىن يەتتە ، قاتناش ترانسپورت تۈرلىرىدىن بىر ، توقۇمىچىلىق تۈرلىرىدىن توققۇز ، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىش تۈرلىرىدىن يەتتە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كېلىشىم سوممىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 580 مىليون ، 86.09 مىليون ، 74.1 مىليون ، 19.1 مىليون ۋە 16.5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان .

## 2 . چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەھلىل

1) ئاپتونوم رايونىمىز تەستىقلىغان چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ سالغان مەبلەغ سوممىسى مەملىكىتىمىز ئومۇمىي سانىنىڭ پەقەت 0.3% نى ئىگىلەيدۇ ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلەتكەن چەت ئەل مەبلىغى سوممىسىمۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئەمەلىي ئىشلەتكەن چەت ئەل مەبلىغىنىڭ پەقەت 0.2% نى ئىگىلەيدۇ ، چەت ئەل ھۆكۈمىتىنىڭ قەرز پۇلىنى ئىشلىتىش كېلىشىمى ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىشىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكىتىمىز ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 2% ۋە 3% نى ئىگىلەيدۇ . يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆچمەس مۈلكى سالغان مەبلەغىنىڭ تەخمىنەن 2% نى ئىگىلەيدۇ ، ئۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ 13% لىك ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن كۆپ تۆۋەن . 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان يەككە تۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى 545 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بولسا 126 مىليون ئامېرىكا دوللىرى . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ خىل مەبلەغ شەكلىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىمپورت ۋە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 77.14 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىمپورت ۋە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 89%ى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىز ئىمپورت ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 0.09% نى ئىگىلەيدۇ .

2) چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى ناچار . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان ھەر قايسى رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا پەرقى بىر قەدەر چوڭ . قاتناش ئالاقە قولايسىز ، ئۇچۇر ۋە پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى يۈرۈشلەشمىگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەبلىغى كەمچىل

بولۇپ ، خېرىدار چاقىرىپ ، مەبلەغ جەلپ قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ .

3) چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس . ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مۈلكى زېمىن ، يېمەك ـ ئىچمەك ، كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرىگە سالغان مەبلىغى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ دۆلەت مەبلەغ قوشقان كارخانىلار ئەمەلىي ئىشلىتىدىغان چەت ئەل مەبلىغىنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلەيدۇ ، ئەكسىنچە ئاساسىي سانائەت ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ تىپلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە سېلىنغان مەبلەغ ئىنتايىن ئاز ، يېزا ئىگىلىكىگە ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغمۇ ئومۇمىي ساننىڭ 2% ىدىن ئاشمايدۇ . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يېتەرسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ ، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ماكرولۇق تەڭشەش ۋە باشقۇرۇشنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ .

گەرچە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز سىرتقا مەبلەغ سېلىش ۋە سىرتقى مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تەسىس قىلىنىشىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئازايتىپلا قالماستىن ، بەلكى مەلۇم دەرىجىدە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تېز رېتىملىق تەلىپىگە ماسلىشالىشى قىيىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن سۈنئىي ئامىللارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق دەخلى ـ تەرۇز قىلىشى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى پىلانلاپ باشقۇرۇشقا ئورۇنسىز توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە .

### 3 . بىر نەچچە تەكلىپلەر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىز چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ، ئۇلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىلمىي باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئېكسپورتنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . لېكىن ، بىز يەنە شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىدە بىر قاتار تېزدىن ھەل بولۇشنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلىلەر مەۋجۇت . بىرىنچىسى ، سىياسىي ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىش مەسىلىسى بولۇپ ، ئۇنىدىن قالسا ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەسىلىسىدۇر .

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ ، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى كىچىكلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ، شۇڭلاشقا ئاپتونوم رايونىمىز رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشى لازىم :

1) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى ئورۇن ، ساھەلەرنىڭ ئېچىۋېتىش ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئېڭىنى كۈچەيتىپ ، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىپ ، ھەر خىل ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى يېڭىپ ، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ئىجتىمائىي ئېڭىنى تىكلەش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى .

2) رايون خاراكتېرلىك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ شەرت ـ شارائىتىنى يارىتىپ ، مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك . ئاپتونوم رايونىمىز سىرتقا قارىتا

قىسمەن ئېچىۋېتىشتىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشكە تەرەققىي قىلىشى، دۆلەت سىياسىتى رۇخسەت قىلغان دائىرە ئىچىدە چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىغا مۇئەييەن نەپ بېرىش ۋە مەبلەغ سېلىش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشتا جۈرئەت قىلىش ۋە ماھىر بولۇش كېرەك.

3) سانائەت سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىللىق ئىشلىتىدىغان چەت ئەل ھۆكۈمىتىنىڭ قەرز پۇلىنى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى كۆپەيتىپ، ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى ۋە نورما پىلانىنى ئاشۇرۇش لازىم. يەر ـ زېمىن سېتىش، ئىجارىگە بېرىش ۋە ئېچىش جەھەتلەردە تېخىمۇ چوڭ تېخىمۇ جانلىق مۇستەقىل ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە يۈرۈشلەشكەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش قائىدىلىرىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىپ ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئاساسىي ساھە ۋە سىرتقا قارىتىلغان تۈرلەر سىياسىتىنىڭ يانتۇلۇق دىنامىكىسىنى چوڭايتىپ، ئۇنى ھەقىقىي يولغا قويۇش، يول قويغاندا ئۈنۈملۈك بولۇش كېرەك.

4) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىكىنى ۋە خېرىدار چاقىرىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىش دىنامىكىسىنى كۈچەيتىش لازىم. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىدە ئىزچىل ھالدا بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك ھەم ئومۇمىي پىلان ۋە ستراتېگىيىلىك پىلان كەمچىل بولۇپ كەلدى. شۇڭا گوۋۇيۈەن چەت ئەل مەبلىغى رەھبەرلىك ئورگىنى بىلەن باغلانغان چەت ئەل مەبلىغى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ۋە ئىشخانىسىنى تەسىس قىلىش كېرەك.

ھۆكۈمەت مېخانىزىم قۇرۇش، تۈزۈم شەكىللەندۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، تەشۋىقاتنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە خىزمەت دىنامىكىسىنى چوڭايتىش لازىم. بولۇپمۇ خېرىدار چاقىرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى قۇرۇپ، ھەر قايسى رايون، ئورۇن ۋە ساھەلەرنى يېتەكلەپ كارخانىلارنى بىۋاسىتە خېرىدار چاقىرىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئۆتكۈزۈپ، مىقدار ۋە سۈپەت بىرلىككە كەلگەن نىشانلىق مەسئۇلىيەت باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم.

5) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئالاھىدە رايونى» نى ياخشى باشقۇرۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنى خىللاشتۇرۇش تۈزۈلمىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى تۇتۇپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا، نېفىت، كان مەھسۇلاتلىرى بازىسىنى قۇرۇپ، تايانچ سانائەت رامكىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈرۈمچىدىكى ئىككى ئېچىۋېتىلگەن رايون ۋە غۇلجا، بورتالا، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلار نۆۋەتتە روشەن سىياسىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋا ياساپ سومرۇغنى جەلپ قىلىشتەك رادىئاتسىيىلىك رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش كېرەك. چەت ئەل مەبلىغى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئېچىۋېتىلگەن رايونلارغا بولغان رەھبەرلىك ۋە قوللىشىنى كۈچەيتىپ، ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ دېرىزىسى ۋە «ئالاھىدە رايون» ى قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرىنى جارىي قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەۋزەللىككە

ئىگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بايلىق ۋە ئېنېرگىيىنى ئېچىش ۋە چوڭقۇرلاپ پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرى ھەم خام ئەشيا سانائىتى، كان مەھسۇلاتلىرى، توقۇمىچىلىقنىڭ چوڭقۇرلاپ پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرى، شۇنداقلا سىرتقا قارىتىلغان تۈرلەر ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى بۇندىن كېيىنكى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنىڭ يېتەكچىسى قىلىش لازىم. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنى ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانى قىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ ئاساسىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشى. سىياسەت ۋە خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ جەلب قىلىش جەھەتتىن ئېتىبار بېرىپ، چەت ئەل مەبلىغى سالىدىغان سانائەت تۈزۈلمىسىنى ئاستا - ئاستا تەڭشەپ، يېڭى ئىقتىسادىي ئۆسۈش نۇقتىسىنى يارىتىشى ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشتا كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۆنىلىشى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ھەممىسى ئىقتىسادىي ئىسلاھات نىشانى يەنى بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش نىشانىنى بەلگىلىدى. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىشنى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى.

**1. غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلەشتۈرۈش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى**

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشتە ئاساسەن دېگۈدەك مۇلازىمەت كەسپى، سودا، يەرلىك سانائەت ۋە كىچىك كارخانىلاردىن باشلىغان، بىراق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان، قازاقىستاندا مۇلازىمەت كەسپى ۋە ئولتۇراق ئۆي كەسپىدە 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلەشتۈرۈش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى تاماملاش، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردا بولسا، 1994 - يىلى تاماملاش بەلگىلەنگەن. 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قازاقىستاندىكى 70% كارخانا مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شەكلىنى ئۆزگەرتتى. 1995 - يىلى 5 - ئايغىچە يېزا ئىگىلىك، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىرى 1634 كە يەتتى. 1994 - يىلى غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكى تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 38% نى، ئوبوروت ساھەسىدە 50% تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلىگەنلىكتىن 1995 - يىلى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش سۈرئىتى ئاستا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1993 - يىلى قازاقىستان 1993 - 1996 - يىللىق غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلەشتۈرۈش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكلەرنى 30% — 40% ساقلاپ قېلىش، يەر، يەر ئاستى بايلىقى، سۇ مەنبەسىنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئورنىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. قىرغىزىستاننىڭ 80%ى، تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 90%ى، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 30% — 40% نى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. تۈركمەنىستان ئومۇميۈزلۈك خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئېلىپ بارماسلىق، ئەكسىچە مۇقىم بولغان ئۆتكۈنچى ئۇسۇل ئارقىلىق بىر قىسىم كىچىك كارخانىلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىن كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىش، بىر قىسىم يېمەك - ئىچمەك كەسپى ۋە مۇلازىمەت كەسپىنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىشنى ئېلان قىلدى. ئۆزبېكىستان يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە پىلان بىلەن بازار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلنى يۈرگۈزىدىغانلىقى، ئومۇميۈزلۈك خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا ئالدىرىمايدىغانلىقى، پەقەت يەككە ئىشلەشنى خالايدىغانلارغا يەر بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلەشتۈرۈش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى، بىراق قىيىنچىلىق ۋە قارشىلىق كۈچىمۇ چوڭ. ئالدى بىلەن ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ قولىدا پۇل يوق، شۇڭا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى سېتىۋالالمايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا دۆلەت ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىق تۈزۈمىگە ئۆزگىرىشى ئانچە چوڭ ئەۋزەللىكنى نامايەن قىلالمىدى. يەنە بىرى ھەر دەرىجىلىك بيۇروكراتلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پارىخورلۇق ۋە قا-
نۇنسىزلىق قىلىپ ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالدى، شۇڭا خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمى توسالغۇغا ئۇچرىدى.

## 2. باھا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى — باھانى ئەركىنلەشتۈرۈش

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئىلگىرى كېيىن بولۇپ باھانى ئەركىنلەشتۈرۈش ئېلىپ باردى، مۇتلەق كۆپ قىسىم باھا بازار ئارقىلىق تەڭشەلدى، بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى يەنىلا دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىندى. ھۆكۈمەت قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى يولغا قويۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنى بېلەت ئارقىلىق تەمىنلىدى. ھەر قايسى دۆلەتلەردە تاۋار ناھايىتى كەمچىل بولغانلىقتىن باھانىڭ قويۇۋېتىلىشى تاۋارلارنى كۆپەيتەلمىدى، ئەكسىچە مال باھاسى تېز ئۆرلەپ پۇل قىممىتىنى يوقاتتى، پۇل سىستېمىسى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى، مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەش توختىمىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ ناتۇرال سودا ۋە مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسى كېلىپ چىقتى، نۇرغۇن مەھسۇلاتلار ۋە خام ئەشيالارنىڭ باھاسىغا نىسبەتەن كۆپ قىسىم كارخانىلار قولىنىمۇ ئۇزارتالمىدى. بۇ، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى مال باھاسى داۋاملىق ئۆرلەۋاتقان يامان ئايلىنىشقا ئىتتىرىپ كىردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تاۋارلار باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئەركىن بازاردىكى باھانى شىددەت بىلەن ئۆستۈرىۋەتتى. ئىستېمال بازىرى تېخىمۇ جىددىيلەشتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت باھانى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، تولۇقلاش تەدبىرىنى قوللىنىپ ئىستېمال بازىرىنى قوغدىدى، بىر قىسىم قىممەتكە ئىگە ئاكسىيەلەرنى رۇبلىنىڭ ئورنىغا ئىشلەتتى. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىستېمالنى توسۇش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن ئىستېمال

بۇيۇملىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئاھالىلارنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش مۇقىم بولماي، ئىستېمال بازارلىرى ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. 1992 ـ يىلى قازاقىستاندا ( 1991 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا ) %40.2، ئۆزبېكىستاندا %33.5، قىرغىزىستاندا %38.4، تۈركمەنىستاندا %33.5 تۆۋەنلىدى.

**3. دېھقانچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ــ كۆتۈرىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش**

دېھقانچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ، چۈنكى بۇ رايونلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرى بولغان ئىدى. قازاقىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاشلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %20 نى، ئۆزبېكىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %70 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ دۆلەتتىكى %60 ئاھالە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %33 ى بىلەن خەلق كىرىمىنىڭ %40 ى دېھقانچىلىق ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتىكى ئۇسۇلىدا مەلۇم پەرق بار. قازاقىستان پايدا يارىتالمايدىغان سوۋخوزلارنى خۇسۇسىيلاشتۇردى. 1992 ـ يىلىغىچە 450 نەچچە سوۋخوز خۇسۇسىيلاشتۇرۇلدى، سوۋخوزلارغا تەۋە بولغان رېمونت ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كىچىك كارخانىلارنى غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىلەشتۈرۈپ ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇپ چارۋا ماللارنى شەخسلەرگە سېتىپ بەردى. قىرغىزىستان يەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ئىسلاھاتنىڭ ئاخىرقى نىشانى قىلدى. تۈركمەنىستان ئىجارە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئىجارە مۇددىتىنى 5 ـ 10 يىل قىلىپ ھەر بىر ئائىلىگە 3 ـ 15 گېكتار يەر ئىجارە بەردى. ئۆزبېكىستاننىڭ دېھقانچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىر قەدەر تېتىك بولۇپ دېھقانچىلىق ئىسلاھاتىنى پۈتكۈل ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ فاكچېنى كولخوز ۋە سوۋخوزلارنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۋاتقان ئىجتىمائىي ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى مۈلۈكچىلىك شەكلى ۋە تىجارەت شەكلىنى ئومۇملاشتۇرۇش، يەنى كۆتۈرىگە ۋە ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئاساسىي ئۇسۇلى توختام ئاساسىدا يەرنى دېھقانلارغا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغا ياكى كوللېكتىپقا كۆتۈرىگە ياكى ئىجارىگە بېرىپ ئىشلەپچىقىرىلغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق، پاختا، سۈتنىڭ پىلاندىكى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %85 نى، ياڭيۇ، كۆكتاتنىڭ پىلاندىكى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %50 نى توختام باھا بويىچە دۆلەتكە سېتىپ بېرىش، قالغان قىسمىنى ئەركىن باھادا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. 1992 ـ يىلىغىچە ئۆزبېكىستاندىكى كىچىك تىپتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 7500 دىن كۆپرەككە يېتىپ، ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 گېكتار يەر توغرا كەلدى.

**4. تاشقى ئىقتىسادىي سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ــ سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش**

1992 - يىلىدىن باشلاپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە تاشقى ئىقتىسادىي سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ ، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ، چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىدىكى مۇھىم ستراتېگىيە ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «چەت ئەل مەبلەغ سېلىش قانۇنى» ، «تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش قانۇنى» ، «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى» ، «تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەت قانۇنى» قاتارلىق بىر يۈرۈش قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى ھەم چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەردى . ھەر قايسى دۆلەتلەردە «يۇقىرى تېخنىكىلارنى ئېچىش رايونى» ، «پەن - تېخنىكا باغچىسى» ، «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون» قاتارلىقلار قۇرۇلدى .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى قاتارلىق مەسىلىلەر سەۋەبىدىن تاشقى ئىقتىسادىي سودا پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ساقلانماقتا : ① چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشنىڭ قىيىنچىلىق دەرىجىسى چوڭ . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتە ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلار بولسىمۇ كىشىلەر بىلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ ئېغىر . ② تاشقى سودا قۇرۇلمىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولدى . تاشقى پېرېۋوت ئېغىر ھالدا كەمچىل بولغانلىقتىن ، ئىمپورت ئازايدى . مال ئالماشتۇرۇش سو-

دىسىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولماي بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر زەربە بەردى .

**5 . ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يۈزلىنىشى**

1) ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تەرەققىياتى

1994 - يىلى 7 - ئايدا قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان ئۈچ دۆلەت زۇڭتۇڭى ئالمۇتادا ئالىي دەرىجىلىك ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ ئۈچ دۆلەت ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى . « ئورتاق تەقدىر ۋە ئورتاق ئىستېمال » ئۈچۈن ئۈچ دۆلەت زىچ ھەمكارلىشىش توغرىسىدا كېلىشتى : ① ئۈچ دۆلەت پارلامېنتى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ ، ئۈچ دۆلەتنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزئارا باغلاش ؛ ② ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، قانۇن ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ؛ ③ زۇڭلى كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئورگىنى بولغان خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىش ؛ ④ مۇھىت ئاسراش ، تەبىئىي ئاپەتلەرنى تۈگىتىش جەھەتتە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت . ھەمكارلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكىلەرنى تاماملىدى : ① ئىتتىپاق تۈزگەن دۆلەتلەر ئىچىدىكى كىرىدىت راسچوتى ، باج يىغىش ، مال باھاسى ، پۇل ، تاموژنا ، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن تەڭشەش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىش ؛ ② ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات بانكىسى قۇرۇش ؛ ③ دۆلەت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى ھەمكارلىق ئۈچۈن تەڭشەش ۋە ستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش ؛ ④ تەشكىللىك جىنايەت ، تېررورىزم ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك ھەرىكىتىگە ئورتاق تاقابىل تۇ-

رۇش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىش. ھەر قايسى ھەمكارلىق ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۈچ دۆلەت يەنە ھەر قايسى دۆلەت زۇڭتۇڭلىرى ۋە زۇڭلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتتىن ھالقىغان كومىتېت قۇرۇپ چىقىش، كومىتېت ئاستىدا زۇڭلى كومىتېتى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كومىتېتى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى كومىتېتى شۇنداقلا خىزمەت ئورگىنى، ئىجرائىيە كومىتېتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ھەمكارلىق ساھەلىرى، ھەر خىل كومىتېتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمكارلىقنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىششقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىراق ھەر قايسى دۆلەتلەر سىياسىي جەھەتتە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، مۇستەقىل بولۇشنى تەكىتلىسە سىياسىي جەھەتتە بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ؛ دىپلوماتىيە جەھەتتە ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆزىنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئوخشاشلىقتا ئىگە. تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئورتاق توسالغۇغا ئىگە، يەنى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاش ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلىشى كۈچلۈك، بۇمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتىكى ئاساس.

2) روسىيە، بېلورۇسىيە، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈش شەرتنامىسى

1996-يىلى 3-ئاينىڭ 29-كۈنى روسىيە، بېلورۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق تۆت دۆلەت رەھبەرلىرى موسكۋادا ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. بۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىقتىسادىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەرتنامىنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەر قايسى تەرەپنىڭ ھازىرقى دۆلەت چېگرىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ساھەدىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىقلار. شەرتنامىدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: ھەر قايسى تەرەپ بىرلىككە كەلگەن باھا سىياسىتىنى يولغا قويۇش، باھانى كەمستىمەسلىك؛ بىرلىككە كەلگەن پۇل كرېدىت ۋە مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش. ئۆلچەملىك تۆلەش، راسچوت قىلىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار. ئۇنىڭ مەقسىتى تۆت دۆلەتنىڭ تاۋار، ئەمگەك مۇلازىمىتى، كاپىتال ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، بىرلىككە كەلگەن قاتناش، ئېنېرگىيە، ئۇچۇر سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

تۆت دۆلەتنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى ئورگان — دۆلەتتىن ھالقىغان كومىتېت، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كومىتېتى ۋە دۆلەتتىن ھالقىغان پارلامېنت كومىتېتى قۇرۇلدى. شەرتنامىدە مۇنداق بەلگىلەندى: دۆلەتتىن ھالقىغان كومىتېت ئەڭ ئالىي باشقۇرغۇچى ئورگان بولۇپ ئۇ زۇڭتۇڭ، ھۆكۈمەت زۇڭلىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شۇنداقلا بايانات ئېلان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كو-

مىتېتىنىڭ رەئىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەتتىن ھالقىغان كومىتېت ھەر قايسى دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدىن سايلىنىدۇ، ۋەزىپە مۇددىتى بىر يىل. بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كومىتېتى دائىملىق ئىجرائىيە ئورگىنى بولۇپ ئۇنىڭ ئەزالىرى ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەسئۇل مىنىستىر ۋە ئىقتىساد، مالىيە مىنىستىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ئىلگىرىلەش بار، قىيىنچىلىقمۇ بار. ئىلگىرىلەش دېگىنىمىز: ھەر قايسى دۆلەت بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش نىشانىنى بەلگىلىدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى. خەلق ئاممىسى بازار ئىگىلىكى ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئۇزۇندىن بۇيان سوتسىيالىزم بۇ دۆلەتلەرگە مەلۇم سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئاساسى يارىتىپ بەردى ھەم زور بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بايلىق مەنبەسى مول، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى، قىيىنچىلىق دېگىنىمىز: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ئىقتىسادىي ئاساسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، رايونلار ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئون يىلدا شەكىللەنگەن كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. پۈتۈن قايتا ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، مالىيە، پۇل ۋە تاشقى سودا ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ خەلق ئىگىلىكى كرىزىس ئىچىدە قالدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى يامانلاشتۇرۇۋېتىشتىكى ئاساسىي سەۋەب: بىرىنچىدىن يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت شەكىللەنمىدى. ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولۇپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان شەكىللەنگەن زىچ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالدى ياكى تارقىتىۋېتىلدى. يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەكىللىنەلمەيدۇ، بۇ كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن پۈتۈنلەي ياكى يېرىم توختىتىپ قويدى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئايلىنىشى نورمال بولمىدى، بۇ ئىقتىسادنىڭ ناچارلىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. ئىككىنچىدىن يېڭى، كونا تۈزۈملەر ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ بىر بىرىنى ئۆزئارا شەرت قىلىدۇ. يېڭى تۈزۈلمە تېخى بەرپا قىلىنمىدى. ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل تۈزۈلمە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ ھەر ئىككىلىسى رولىنى نورمال جارى قىلدۇرالمايدۇ. پىلانمۇ، بازارمۇ يوق، پۈتۈن ئىگىلىك كونتروللۇقنى يوقاتقان ھالەتتە بولۇپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. ئۈچىنچىدىن ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ بۇمۇ كرىزىسنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم سەۋەب. بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئەسلىدىكى قۇرۇلمىنى زور كۆلەمدە تەڭشىگەندىلا ئاندىن ئۆزئارا ماسلاشقىلى، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەبلىغى ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇپ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىش، مەبلەغ ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈشكە قۇدرىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئاساسىدا بازار ئىگىلىكى ئېلىپ بارسا مۇقەررەركى ئىقتىساد تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

# قازاقىستاننىڭ 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى پۇلنىڭ پاخاللىششى ئەھۋالى

1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، قازاقىستاندا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئوتتۇرىچە باھا كۆرسەتكۈچى 116.8%، 6 - ئايدا 102.5% بولدى. قازاقىستاننىڭ پايتەختى قاتارلىق 97 شەھەردىن تاللانغان تاۋارلار ۋە ھەر خىل مۇلازىمەتلەرنىڭ باھا سەۋىيىسىنى ۋە باھا ئەھۋالىنى ۋاقىت بەلگىلەپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پۇلنىڭ پاخاللىششى يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئالدىنقى يېرىم يىلدا يېمەكلىك باھاسى ئومۇمەن 17.2%، كۆكتات، مېۋە - چېۋە باھاسى 56%، گۆش 34%، بولكا ۋە ئاشلىق 18% — 20%، تۇخۇم، سۈت، بېلىق ۋە ئىچى كاۋاك ئۇگرە مەھسۇلاتلىرى 7% — 11%، شېكەر، چاي، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنىڭ باھاسى 3% — 5% ئاشتى، سۈنئىي ئۇسۇلدا ياسالغان قايماق ۋە شېكەرنىڭ باھاسى 6% — 8%، ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ باھاسى 13% تۆۋەنلىدى. ئىلگىرىدىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە شەكىللەنگەن رايونلار ئارا ئوخشاش يېمەكلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى باھا پەرقى ھازىرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى ھەر قايسى ئوبلاست مەركىزىدىكى ئەھۋالغا قارىغاندا، پەقەت ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى بىلەن ئەڭ تۆۋەن باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 1.5 ھەسسە بولدى، تۇخۇمنىڭ 1.6 ھەسسە، كالا گۆشىنىڭ 1.9 ھەسسە، بولكىنىڭ 2.2 ھەسسە، ياگيۇنىڭ 2.3 ھەسسە، كالا سۈتىنىڭ 2.4 ھەسسە بولدى.

ئاھالىلارغا ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاممىۋى ئولتۇراق جايدىن ئېلىنىدىغان ھەق ئۆلچىمى روشەن ئاشتى. 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى ئالتە ئېيىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 73.5% ئېشىپ، ئۆي ئىجارە ھەققى 1.5 ھەسسە، سوغۇق سۇ بىلەن تەمىنلەش ھەققى 2.2 ھەسسە، ئىسسىقلىق قۇرۇلمىلىرى ھەققى 2.9 ھەسسە، ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ھەققى 6.5 ھەسسە ئاشتى. 1996 - يىلى 6 - ئايدا ئالاقىلىشىش مۇلازىمەت ھەققى 1.4 ھەسسە، بالىلارنى ئوقۇتۇشتىن بۇرۇن تەربىيىلەش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، دەم ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمەت ھەققى 1.3 ھەسسە، يولۇچىلارنى توشۇش مۇلازىمەت ھەققى 1.2 ھەسسە، ئاھالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مۇلازىمەت ھەققى 1.1 ھەسسە ئۆستى. باھا ئومۇميۈزلۈك ئېشىش ئاساسىدا، 1996 - يىلىنىڭ ئۆتكەن ئالتە ئاي ئىچىدە غەيرىي يېمەكلىك تاۋارلىرىنىڭ باھاسى 4.4% ئاشتى. ئايرىم تۈردىكى مەسىلەن: يازلىق كىيىم - كېچەك، ئاياق، ئۆي جاھازلىرى، كارىۋات بۇيۇملىرى، مەتبۇئات بۇيۇملىرى 9% — 14% ئۆستى.

1996 - يىلى 6 - ئايدا قازاقىستاندىكى سانائەت كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى شۇ يىلى 5 - ئايدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1.9%، 1995 - يىلى 12 - ئايدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 11.8% يۇقىرى ئۆرلىدى. 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا بۇ باھانىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 1.9% بولۇپ، 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە تۆۋەن بولدى. سانائەت

مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان
ئامىللار كۆپ يەنى ، پۇل قەرز ئېلىش قىيىن ،
كارخانا تىجارەتچىلىرىنىڭ مەھسۇلات باھاسىنى
ۋاقىتلىق تەكشۈرۈپ تۇرۇش ، ئىشلەپچىقىرىشتا
ئېھتىياجلىق بولىدىغان توك كۈچى ۋە ئىسسىقلىق
ئېنېرگىيە ھەققىنى ، ھەر خىل ترانسپورت شە-
كىللىرىنىڭ ترانسپورت ھەققىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش ھەم ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدە ساقلى-
نىۋاتقان پۇل پاخاللىشىش قاتارلىقلار . 1996 -
يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئېنېرگىيە باھاسى-
نىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىشى %14 ، نېفىت باھاسىنىڭ
ئېشىشى %10 ، كۆمۈرنىڭ %20 ، تەبىئىي گاز ۋە
نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ %1 — %2 ، ئېلېكتر
ئېنېرگىيىسىنىڭ %22 ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى-
نىڭ %12 بولدى .

1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا
مېتال سانائىتى مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئېشىشى
%3.8 ، رەڭلىك مېتالنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
%8.7 بولدى ، قارا رەڭلىك مېتالنىڭ باھاسىدا
ئۆزگىرىش بولمىدى . يېنىك سانائەت مەھسۇلات-
لىرىنىڭ باھاسى ئېھتىياجنىڭ چەكلىنىشى ، ئىم-
پورت تاۋارلىرىنىڭ كۈچلۈك رىقابىتى بولغانلىق-
تىن ئەسلىدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى ، لېكىن
1995 - يىلى 12 - ئايدىكى بىلەن سېلىشتۇر-
غاندا يەنىلا %3.3 ئۆرلىدى . 1996 - يىلىنىڭ
بېشىدا باھاسى ئەڭ يۇقىرى ئۆرلىگەن مەھسۇلات
چىداملىق تېرە مەھسۇلاتلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئاي-
رىم - ئايرىم ھالدا %21 ۋە %12 ئۆستى . بۇ
مەزگىلدە ئاياقنىڭ باھاسى %9 ، توقۇلما مەھ-
سۇلاتلارنىڭ %4 ئاشتى ، رەختنىڭ باھاسىدا
ئۆزگىرىش بولمىدى . يېمەكلىك سانائىتىنىڭ
توپ تارقىتىش باھاسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات-
لىرىنى سېتىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش تەسىرىگە
ئۇچرىدى . 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنى ئالتە ئې-
يىدا ، بۇ دائىرە ئىچىدە باھانىڭ ئوتتۇرىچە ئۆ-
سۈشى %17 بولدى . باھا ئۆسۈشى مۇۋاپىق بول-
غانلىرى شېكەر ، ھاراق ، چاي بولۇپ ، بۇلارنىڭ
باھاسى %2 — %5 ئۆستى ، مايلىق مەھسۇلاتلار-
نىڭ %7 ئاشتى ، بۇنىڭدىن دانلىق زىرائەتلەر
مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئۆرلىشى تېز بولغانلى-
قىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

1996 - يىلى 6 - ئايدا ھەر خىل يوللار
ئارقىلىق سېتىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى-
نىڭ باھاسىنى 1995 - يىلى 12 - ئايدىكى بىلەن
سېلىشتۇرغاندا ئومۇمەن %30 ، چارۋىچىلىق
مەھسۇلاتلىرىنىڭ %18 ، تېرىقچىلىق زىرائەتلىرى-
نىڭ 2.8 ھەسسە ، كۆكتاتنىڭ 6.6 ھەسسە ئاشتى.

1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ،
قازاقىستان بويىچە ھەر خىل شەكىلدىكى ترانس-
پورت ھەققى %13 ئۆستى . ئۆسۈشى ئەڭ يۇقىرى
بولغىنى تۆمۈر يول ۋە ھاۋا قاتنىشى بولۇپ %20
— %22 ئۆستى . بۇ مەزگىلدە تاش يول ترانس-
پورت ھەققى %13 ئۆرلىدى . تۇرۇبا ئارقىلىق نې-
فىت ۋە تەبىئىي گاز توشۇش باھاسىدا ئۆزگى-
رىش بولمىدى .

# تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز ئېچىش ئىستىقبالى

تۈركمەنىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىر-
لەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە روسىيەدىن قال-
سىلا تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىغان ئىككىنچى
چوڭ دۆلەت . شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ تۆتىنچى

ئورۇندا تۇرىدۇ . گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا تۈركمەنىستاننىڭ نېفىت زاپىسى 5 مىليارد توننا ، تەبىئىي گاز 21 تىرىللىئون كۇب مېتىر بولۇپ ، دۇنيادىكى يېقىلغۇ مەنبەسى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ 20% تىگە ، شىمالىي دېڭىز رايونىدىكى زاپاس مىقدارىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە ، مېكسىكا قولتۇقىنىڭ بەش ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ . نېفىت گازى ساقلىنىۋاتقان تۆت رايون ئىچىدە ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىرغىقىنىڭ ئېچىش ئىستىقبالى چوڭ . خەلقئارا پۇل فوندى جەمئىيىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىچە تەبىئىي گاز ئومۇمىي يەر ئاستى كان بايلىقىنىڭ 60% تىنى ئىگىلەيدىكەن . ئەپسۇسلىنارلىقى ، تۈركمەنىستان بۇ بايلىقلارنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز . قېزىپ چىقىلغان تەبىئىي گازنىڭ 90% نى ئۇكرائىنا ، ئەزەربەيجان ، گرۇزىيە ۋە ئەرمېنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىشلەتمەكتە .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە تۈركمەنىستان باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل ئىدى . ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا يېزا ئىگىلىك ، بولۇپمۇ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي ئەۋزەللىكنى ئىگىلەيدۇ . يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 45% نى ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي قىممەتنىڭ 40% نى ئىگىلەپ پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئون چوڭ دۆلەت قاتارىغا كىردى .

تۈركمەنىستان تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە كېۋەزچىلىكنى ئاساسىي ئىقتىسادىي تايانچ قىلىپ ، باشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئىمپورت قىلغانلىقتىن تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادىي چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەۋرىنىشىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . بۇ زەربە ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ : بىرى ، ھەر قايسى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بۇزۇلدى . يەنە بىرى ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا راسچوت تۈزۈمىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى . گەرچە تۈركمەنىستان سودا مۇھىتىدا روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ بىراق ھەر قايسى دۆلەتلەرگە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈلۈپ بېرىدىغان تۇرۇبا سىستېمىلىرىنىڭ تېخنىكا ئەسلىھەلىرى ناچار بولغانلىقتىن ، شۇنداقلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆپ قىسىم تەبىئىي گاز ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن ، ئېكسپورتتىن كېلىدىغان كىرىمگە تەسىر يېتىپ ئۆزىنىڭ تەبىئىي گاز سېتىشتىكى يوشۇرۇن ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالمىغان ئىدى .

ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى . روسىيىنىڭ تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتى تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز سېتىش ۋە توشۇش ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالدى . بۇ شىركەت تۈركمەنىستان ـ روسىيە ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان تۈركمەنىستان ـ روسىيە تەبىئىي گاز ھەمكارلىق ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ 45% پاي ھوقۇقىغا ئېرىشتى . تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى 51% كە ئېرىشتى ، قالغان 4% نى ئامېرىكا خەلقئارا ئېنېرگىيە شىركىتى ئىگىلىدى . تۈركمەنىستاننىڭ بۇ شىركەتتىكى ۋەزىپىسى تەبىئىي گاز بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەش ، باشقا شېرىكلىرىنىڭ ۋەزىپىسى تەبىئىي گازلارنى سېتىش ، توشۇش ، بازارغا سېلىش ۋە راسچوت قىلىشتىن ئىبارەت .

پىلان بويىچە يىللىق سالغان مەبلەغ 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى . تۈركمەنىستاننىڭ پاي نورمىسى تەخمىنەن 160 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 3 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېكس-

پورت قىلىنغانغا باراۋەر ( ئەمەلىيەتتە ئېكسپورت قىلىشقا تېگىشلىك 30 مىليارد كۇب مېتر تەبىئىي گازنىڭ پەقەت $\frac{1}{10}$ نى ئىگىلەيدۇ . باشقا ھەمكارلاشقۇچى دۆلەتلەر ھەر 1000 كۇب مېتر تەبىئىي گاز ئۈچۈن تۈركمەنىستان ـ ئۆزبېكىستان چېگرىسىدا 42 ئامېرىكا دوللىرى تۆلەشكە قوشۇلدى ) .

روسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسدارلىق شىركىتى توشۇش باھاسىدا ئېتىبار بېرىش چارىسىنى ئىزدىمەكتە . يەنى ھەر 1000 كۇب مېتر تەبىئىي گاز روسىيە چېگرىسىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ ھەر 100 كىلومېتر تۇرۇبىسىدىن ئالتە ئامېرىكا دوللىرى ئېلىنىدۇ ، بۇ پۇللار تۈركمەنىستان روسىيە تەبىئىي گاز ھەمكارلىق ھەسسدارلىق شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ .

بۇ شىركەت پات يېقىندا 60 مىليارد كۇب مېتر تەبىئىي گاز سېتىش ئىشەنچىسىنى بىلدۈردى ، ئامېرىكا خەلقئارا ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ باشلىقى ماكاروۋ تامامەن ئورۇنداشقا بولىدۇ ، دەپ قارىدى . مولداۋىيە بىلەن بېلورۇسىيە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۈركمەنىستاندىن 1 مىليارد كۇب مېتر ۋە 2 مىليارد كۇب مېتر تەبىئىي گاز سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ھازىر ئۆزئارا راسچوت ئېلىپ بېرىش مېخانىزمى تۈزۈلۈۋاتىدۇ ، شۇنداقلا روسىيىنى تەمىنلەش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ . تۈركمەنىستان بىلەن روسىيە كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بولدى ، تۈركمەنىستاننىڭ روسىيىگە ئېكسپورت قىلىدىغان نورمىسى 10 مىليارد كۇب مېتر قىلىپ بەلگىلەندى .

كانادانىڭ « UNBROS » شىركىتىمۇ تۈركمەنىستان ـ روسىيە تەبىئىي گاز ھەمكارلىق ھەسسدارلىق شىركىتىدىن 10 مىليارد كۇب مېتر تەبىئىي گاز سېتىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ . 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ؛ كانادانىڭ سابىق زۇڭتۇڭى مالدون يېتەكچىلىكىدىكى كانادا سودا ـ سانائەتچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈركمەنىستاننى زىيارەت قىلغاندا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ئىدى . ماكاروۋ مۇنداق دەپ قارىدى : يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە تۈركىيەمۇ تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گازلىرىغا خېرىدار بولىدۇ ( گرۇزىيە ۋە ئەرمېنىيە ئارقىلىق ) ئەرمېنىيىدە تۈركمەنىستان ـ روسىيە تەبىئىي گاز ھەسسدارلىق شىركىتىگە ئوخشاش ھەمكارلىق كارخانىسى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇۋاتىدۇ . يېڭى ئورنىتىلغان گاز تۇرۇبىسىنىڭ 20 كىلومېترى ئەرمېنىيە ـ تۈركمەنىستان چېگرىسىدىن ئۆتىدۇ . بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەرتلىرىمۇ تۈركمەنىستاندىن تەبىئىي گاز سېتىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ .

تۈركمەسىنتان تەبىئىي گازلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارى ئۇكرائىنا بولۇپ قەرزى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشتى . 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈركمەنىستان ئۇكرائىنانى 3 مىليارد كۇب مېتردىن كۆپ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىدى . تەمىنلەش ـ ئېھتىياج كېلىشىمى بويىچە 1996 ـ يىلى ئۇكرائىنانىڭ ئېرىشمەكچى بولغان مىقدارى 23 مىليارد كۇب مېتر . بۇ تەبىئىي گازلار دونېسكى ، كىيېۋ ، ئىۋانو ـ فرانكوۋىسكى ۋە قىرىم قاتارلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىگە رايونلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى . ئامېرىكا خەلقئارا ئېنېرگىيە شىركىتى يەنە خاركوۋ ، نىكولايېۋسكى ، لۇگانسكى ، تېرنوپول ۋە سۇمى قاتارلىق ئوبلاستلارغا تۈركمەسنىستاننىڭ تەبىئىي گازلىرىنى سېتىپ بەردى . بۇ ئوبلاستلارنىڭ ھەممىسى تۈركمەنىستاننى نېفىت ـ تەبىئىي گاز ئىشلەپ

چىقىرىدىغان ئاپتوماتىك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەمكارلاشقۇچى شىركەتلەردۇر .

1995 - يىلىدىكى كېلىشىم بويىچە ، ئۇكرائىنا تۈركمەنىستاننى بىر قىسىم ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىدى ھەم قازانجىك قاتارلىق رايونلاردا تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرىنى رېمونت قىلىش مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى ( 23 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ) ، دورا بىلەن تەمىنلىدى ( 8 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ) ، ھەربىي ئىشلار ئىنستىتۇتىدا 300 نەپەر ئاسپىرانت تەربىيىلەپ بەردى ھەم ئىرانغا ئۆتىدىغان تۆمۈر يول رېلىسلىرى بىلەن تەمىنلەپ ( 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ) تۈركمەنىستان تەرەپنىڭ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش راسخودىغا تۆلىدى . تۈركمەنىستان ، ئۇكرائىنا ، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى ئۈچ تەرەپ سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ ئىراننى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى . ئىران ئاشخابادتىن كۆكتېپەگىچە بولغان تاشيولغا كېتىدىغان خىراجەتنى گاز بىلەن تەمىنلەش راسخودىغا تۆلەيدۇ .

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ماي ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى زۇڭتۇڭ كلىنتوننىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن تۈركمەنىستاندىن پاكىستانغىچە بولغان گاز توشۇش تۇرۇبىسى ئورنىتىش ئىشىغا قاتتىق قىزىقتى . بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى . بۇ شىركەت ھازىر مۇستەقىل بانكا گۇرۇھى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى ، ھەم كەلگۈسىدە ھىندى ئوكيانغا تۇتاشتۇرۇشنى مۆلچەرلىمەكتە . كىشىنى غەمگە سالىدىغىنى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1300 كىلومېتىر كېلىدىغان لىنىيىنىڭ 300 كىلومېتىرى 10 يىلدىن بۇيان ئىچكى ئۇرۇش تېخى بېسىقمىغان ئافغانىستان زېمىنىدىن ئۆتىدۇ . ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ دېلتا نېفىت شىركىتى ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى قىسىملارنىڭ باشلىقلىرىدىن يېڭى ياتقۇزۇلغان گاز تۇرۇبىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ۋەدە ئالدى ھەم كابۇلدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى . ئەمما بۇ شىركەت ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كونكرېت ۋاقىتنى تېخى ئېنىق بەلگىلىمەيدۇ . تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى نىيازوۋ 1998 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى پاكىستاننى 20 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىمەكچى . روسىيىنىڭ تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتى بۇ لايىھەگە قىزىقىپ مەزكۇر قۇرۇلۇشنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ . ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ماي ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باشلىقى مۇنداق كۆرسەتتى : بۇ لايىھەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نورغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . چۈنكى پاكىستان بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجى تېخى بۇنداق چوڭ كۆلەمگە يەتكىنى يوق . بازار ئېھتىياجىدىن باشقا بۇ شىركەت يەنە باشقا خەلقئارا شىركەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى زاپاس مىقدارى ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقىشى كېرەك .

ئىمتىيازلىق ئىقتىسادىي تېخنىكىلىق دەلىللەش بويىچە قارىغاندا ، پاكىستانغا ئۆتىدىغان گاز تۇرۇبىسىنى ئورنىتىش ئۈچۈن 700 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز زاپىسى بولۇشى كېرەك ، گاز تۇرۇبىلىرىنى 25 يىل نورمال خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر يىلى 20 مىليارد كۇب مېتىر گاز بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ . زۇڭتۇڭ نىيازوۋ مۇنداق دېدى : ئەمەلـ

يەتتە هازىردىن باشلاپ نېفىت ـ تەبىئىي گاز-
نىڭ ئاساسىي تارماقلىرىنى قۇرۇپ چىقىش
كېرەك.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى ئىل-
گىرى چېگرىدىن 500 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا
ھېچقانداق قۇرۇلۇشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ دەپ
كۆرسەتكەن ئىدى. ئىران بىلەن تۈركىيە ئارقى-
لىق ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بازىرىغا يۈزلىنىش
چارىسىنى يۈرگۈزۈشكە بولمايدۇ. ئامېرىكا هۆ-
كۈمىتى ئىراننى جازالاشنى ئېلان قىلغاندىن كې-
يىن كۆپلىگەن مەبلەغلەرنى قايتۇرۇپ كەتتى.
ئىراق تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز ئىشلەپچى-
قىرىش رايونى بولغان كورىيېتىن ئىراندىكى
كۈرتكۈي بازىرىغىچە بولغان 140 كىلومېتىر ئۇ-
زۇنلۇقتىكى تۇرۇبىنى ئورنىتىپ ئۇنى ئىراننىڭ
شىمالىي قىسمىدىكى گاز توشۇش تۇرۇبا تورلى-
رىغا تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى ئەرمېنىيەگە تۇتاشتۇرىدى-
غان هالغا قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئۇلۇق لايىھە تۈزۈ-
لۈپ بولدى.

ئاسىيا، ياۋروپا، يىراق شەرق دۆلەتلىرى-
نىڭ ئېنېرگىيىگە ئۇزاق مۇددەتلىك ئېھتىياجى
چۈشۈۋاتقان هازىرقى ۋەزىيەتتە، نېفىت گازى
تۇرۇبىسى ۋە تۆمۈر يول قاتنىشى قۇرۇلۇشىنى
تېزلىتىش كېرەك. كىچىكىپ قالغاندا مەبلەغ
جەلپ قىلىش قىيىنچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ،
ھەمدە دۇنيا ئىقتىسادىغا يۈزلىنىش قەدىمى ئاستا
بولىدۇ.

# تۈركمەنىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى

تۈركمەنىستاننىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن كې-
رىدىغان كىرىمى دۆلەت كىرىمىنىڭ زور قىسمىنى
ئىگىلەيدۇ. ئاھالىلارنىڭ يېرىمى يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىككە مۇناسىۋەتلىك
خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1995 ـ يىلى
تۈركمەنىستاننىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى 1
مىليون 200 مىڭ تونىنغا، ئاشلىق مەھسۇلات
مىقدارى 1 مىليون تونىنغا يەتكەن. 1996 ـ يىلى
ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈر-
لىرى ۋە مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئاش-
تى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ مەھسۇلات
مىقدارى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇلاردىن
باشقا يەنە تېرىقچىلىق يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش،
چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، تې-
رىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا ئۇنۇمدارلىقنى ئاشۇ-
رۇش ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە
غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ بار. تېرىلغۇ ئىشلى-
رىدا سىناق ئېلىپ بېرىشمۇ يېزا ئىگىلىك مەھ-
سۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئۇنۇملۈك ئۇ-
سۇل. تۈركمەنىستان 2000 ـ يىلدىن ئاۋۋال
پاختا مەھسۇلات مىقدارىنى 2 مىليون تونىنغا،
يېزا ئىگىلىك زىرائەت مەھسۇلاتلىرىنى 2 مىليون
500 مىڭ تونىنغا، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنى 1
مىليون 400 مىڭ تونىنغا يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئا-
شۇرىدۇ. 10 يىل ئىچىدە گۆش مەھسۇلاتىنى 1.9
ھەسسە، كالا سۈتىنى 2.3 ھەسسە، كۆكتات،
مېۋە ـ چېۋىنى 1.7 ھەسسىدىن 1.9 ھەسسىگىچە
ئاشۇرىدۇ، باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ۋە

كەلگۈسىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىدۇ.

تۈركمەنىستان 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى يولغا قويغان يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى تەشكىلات ۋە ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسى كۈچەيتىلدى. شەخسلەرگە ئىجارىگە بېرىش جەھەتتىمۇ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ھېساباتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 1980 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا %18.7 ئاشتى. لېكىن شۇ مەزگىلدە مەمۇرىي ئەمەلدارلار چۈشۈرگەن ئىقتىسادىي بۇيرۇق ئەركىن تىجارەت ئېلىپ بېرىشقا يول قويمايتتى. تۈركمەنىستان يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنىڭ ماھىيىتى دېھقانلارنى تۇپراققا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك بازار مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە دائىرىدە بولۇش، بۇ ئاساستا يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ۋە ئاشلىق مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى يەر ئىسلاھاتى، مال ـ مۈلۈكنىڭ تەۋە بولۇش مەسىلىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بازار شەكلىدىكى يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش قاتارلىقلار. بۇ ئۈچ تەرەپ بىر ـ بىرىگە چىڭ باغلانغان ۋە بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھات ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىزچىل ساقلاش ئۈچۈن، دۆلەت ھەر خىل ئۇسۇللارنى بېكىتتى، ئالدى بىلەن « يەر قانۇنى » نى يېڭىلىدى، ئاندىن يەر قۇرۇلۇشى، يەر ئىشلىتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى كومىتېتلىرىنى قۇردى. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى باشلاندى. 1994 ـ يىلى كولخوز، سوۋخوز ۋە باشقا ئىقتىسادىي گەۋدىلەردە ئىسلاھات ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى قۇردى. 1993 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۈركمەنىستان « تۈركمەنىستاننىڭ يەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى ۋە يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى توغرىسىدا » زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدا يەرنى شەخسلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىش، 50 گېكتار يەرنى ئۇزۇن مۇددەت ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلىش. ئىسلاھاتتا ئالدى بىلەن ھېچقانداق يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مونوپول قىلمىغان ئەركىن ئەمگەك گەۋدىلىرىنى قۇرۇش بەلگىلەندى. ھازىر تۈركمەنىستاندا 3300 ئادەمنىڭ قالدۇرۇق يېرى بار بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 18 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ، خۇسۇسىي يەر ۋە ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەرنىڭ كۆلىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 25 گېكتار ۋە 11 گېكتارغا يېتىدۇ. ھازىرغىچە %0.1 سۇغۇرىلىدىغان يەر شەخسلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئۆي ئەتراپىدىكى يەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە مىللەت تارىخىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئامىل خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىيەلەيدۇ، تۈركمەنىستاندا تارىخىي ئامىلغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىسلاھاتنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيىتى يەرلەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، دېھقانلارغا ئەركىن تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىدە. 20 يىللىق يەر ئىسلاھاتى ئىجارىگە بېرىش ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق يەرلەرنىڭ قەدەممۇ ـ قەدەم خۇسۇسىيلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

بەردى . بۇنىڭدىن ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىقمۇ ئىسلاھات ئىلگىرىلىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . دۆلەت يەرلەرنى پەقەت شەخسلەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بېرىشكە بولىدۇ ، يەرنى سېتىپ - ئېلىشقا بولمايدۇ ، دەپ بەلگىلىدى . يەر ئىسلاھاتى سىياستى يەككە تىجارەت دائىرىسىنى كىچىكلىتىش بىلەن بىرگە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتتى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇپ تېرىش ۋە سۇغىرىش جەھەتتە ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۈچەيتتى . يەر ئىسلاھاتى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا يەنى ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپلەشتۈرۈش ، بايلىق ئەھۋالى ، ئەمگەك كېلىشىم دەرىجىسى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ . بازار ئىقتىسادىدا ئىجارە پۇلىنى تەڭشەش ئۈچۈن دۆلەت « يەر باج قانۇنى » نى بەلگىلىدى .

بازار ئىقتىسادىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماتېرىياللىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ياخشىلاش ، يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنى ئىسلاھات قىلىش ، يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق فاكجىنىدۇر . بۇ فاكجېنىغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ، يېزا ئىگىلىك مېخانىزمىنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ . 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۈركمەنىستان ئېلان قىلغان « تۈركمەنىستاندىكى كولخوز ، سوۋخوز ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك گەۋدىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش »قا مۇناسىۋەتلىك زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن 54 ئىقتىسادىي گەۋدىنى ئىسلاھ قىلدى . بىر يىللىق ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىغاندىن كېيىن ، يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئۇسۇلىنى بېكىتتى . 1995 - يىلى 6 - ئايغىچە بارلىق كولخوز ، سوۋخوز ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك گەۋدىلىرىنىڭ ھەممىسى دېھقانلار تىجارەت تۈزۈلمىسگە ئايلاندۇرۇلدى . دېھقانلار تىجارەت ئېلىپ بېرىشتەك بۇ خىل يېڭى تۈزۈلمە كەڭ ئەھمىيەتكە ئىگە . دېھقانلار پائالىيىتىنىڭ بىرلىكى دېھقانلار بىلەن دۆلەتنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋەتتە مەلۇم دەرىجىدىكى بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بۇ خىل بىرلىك ئۆتكۈنچى دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشىشىدۇ . دېھقانلار تۈزۈلمىسى مۇرەككەپ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى بۇزمىغان ئاساستا دېھقانلار بىلەن بازارنى ئۈنۈملۈك ھالدا بىر - بىرىگە باغلايدۇ . ھازىر تۈركمەنىستاندا يەككە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان تىجارەت شەكلىمۇ تەرەققىي قىلدى ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى « دېھقانلار تىجارەت قانۇنى » دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن .

ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرى نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا ياخشى ئىچكى مۇھىت ياراتتى ۋە قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى ، بارلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ مال - مۈلۈككە تايانماسلىق شەرتى ئاستىدا ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىجارەت ئورگانلىرى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي لايىھە ۋە دۆلەتنىڭ تەڭشەش ئورگانلىرى ئارىسىدا مۇناسىۋەت پەيدا قىلدى . بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى قەدەممۇ - قەدەم ئۆزگىرىش جەريانىدا چوڭقۇر ئىقتىسادىي ئاساس سالدى ، مال باھاسى شەكىللىنىش ، باج ئېلىش ۋە ئامانەت - قەرز جەھەتلەردە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش بولمىدى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۆتكۈنچى دەۋردىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى تاموژنا بېجى سىياسىتىنى قوغداشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت . شۇڭا دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللىشى ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ، بۇ يېزا ئىگى-

لىكىنىڭ باش سىياسەت فاكجىنىدۇر . دۆلەتنىڭ قانۇنى پاختا ، بۇغداي ، گۆش ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىشنى قوغدايدۇ . يېزا ئىگىلىك دائىرىسىدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىشى زور مىقداردا مەبلەغ بولۇشنى ۋە جۇغلانمىنىڭ زورىيىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بازار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش جەھەتتە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى ، بۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ قايتا ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشتە مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى . مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسىدە يېزا ئىگىلىككە مەبلەغ سېلىشنى كېڭەيتتى . خىراجەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تۆۋەندىكىچە : 1995 ـ يىلى ئەمگەك ھەققى چىقىمى 1994 ـ يىلدىكى 62% تىن 46.5% كە تۆۋەنلىدى . يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەققى مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 50.5% نى ئىگىلىدى ، بۇ 1994 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا تۆۋەن . ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پايدىلىق قىسمى ئاشقان بولسىمۇ لېكىن ئېشىش سۈرئىتى تېز بولمىدى . ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنىڭ ئايلىنىشىمۇ ئاستا بولدى . بۇلاردىن باشقا پۇلنىڭ پاخاللىشىشى كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىش بولۇپ قالدى . يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ئاساسەن 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا « دۆلەت يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى » قۇرۇلدى . مالىيە كىرىمى مەركەزلەشكەندىن كېيىن قايتا تەقسىم قىلىش شەكلىنى قوللانغاندىلا يېزا ئىگىلىكىنىڭ باشقا ساھەلەردىن ئارقىدا قېلىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ . كىرىم قىسمىنىڭ ئىگىلىك ھېساباتى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ . كېڭەيتىلگەن قايتا ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجلىق بولىدىغان مەبلەغ ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىدۇ ، مەبلەغنى قايتا تەقسىم قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك بىلەن بىرگە دۆلەت خام چوتى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ . « دۆلەت يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى » دۆلەت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك رەھبەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىتتىپاقداش ئورۇن .

بازار قۇرۇلۇشىدا ، دۆلەت تاۋار بىرژاسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسى يېزا ئىگىلىك تاۋار سودىسىدا ۋە پۇل مۇئامىلە ئامانەت ـ قەرز تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى . تۈركمەنىستاننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى : پۈتۈن مەملىكەت يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا تايىنىپ ئاشلىقنى مول قىلىش ؛ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا تۇجۇپىلەپ تېرىش بىلەن يېرىك تېرىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قېزىش ؛ يېزا ئىگىلىكى ئالدىراش بولىدىغان پەسىلدىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت .

# قازاقىستاننىڭ 1996 ـ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى

1996 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قازاقىستاندا 5500 يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك چارۋىچىلىق مەيدان ۋە تەشكىلاتلىرىدىن 1405 ، كوللېكتىپ ۋە ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 3134 ،

كولخوزدىن 390 ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدىن 571 بار . بۇ يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ جەمئىي 181 مىليون 400 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يېرى بار ( بۇ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 66% نى ئىگىلەيدۇ ) .

1995 - يىلى تەخمىنەن 78% يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى زىيان تارتتى . تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا : يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سوممىسى 62 مىليارد 100 مىليون تەڭگە بولدى ، لېكىن ئومۇمىي تەننەرخ 75 مىليارد 600 مىليونغا يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سوممىسى 33 مىليارد 600 مىليون تەڭگە ( ئومۇمىي تەننەرخ 34 مىليارد 600 مىليون تەڭگە ) ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سوممىسى 28 مىليارد 500 مىليون تەڭگە ( ئومۇمىي تەننەرخ 41 مىليارد 100 مىليون تەڭگە ) بولدى . زىيان تارتقان پۇل 15 مىليون 200 مىڭ تەڭگىدىن ئېشىپ كەتتى . ئاپتاپپەرەس ، ياگىيۇ ۋە ئۈزۈمدىن باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىدە زىيان تارتتى .

1994 - يىلى تارتقان 7% زىيانغا سېلىشتۇرغاندا 1995 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن تارتقان زىيان 15.6% بولدى ، تورغات ۋە قوستاناي ئوبلاستلىرىنىڭ تارتقان زىيىنى باشقا ئوبلاستلارغا قارىغاندا ئېغىر بولۇپ 28.3% ۋە 26.9% بولدى . تېرىقچىلىقتا زىيان ئەڭ زور بولغىنى قىزىلچا بولۇپ ، بۇنىڭدا 18.5% زىيان تارتتى . پاختا خام ماتېرىيالدا 11% ، چارۋىچىلىقتىكى يۇڭدا 52.2% ، ئائىلە قۇشلىرىدا 42.4% ، چوشقىدا 44.9% زىيان تارتتى .

ئائىلە قۇشلىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەن مەھسۇلات ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىدىكى سەرپىيات بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەننەرخىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر . زور دەرىجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ، سانائەت تارماقلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى تەمىنلەيدىغان زاپچاس باھاسىنىڭ داۋاملىق ئۆسۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . نەتىجىدە ھەر يۈز كىلوگرام دانلىق زىرائەتنىڭ تەننەرخ باھاسى 475.7 تەڭگە ، سۈت 1220.8 تەڭگە ، يۇڭ 12090 تەڭگە ، ھەر مىڭ دانە تۇخۇم 32482 تەڭگە ، تېنى بىر قەدەر ئېغىر بولغان زور چارۋىلار 11176.1 تەڭگە ، چوشقا 15736.5 تەڭگە ، قوي 3698 تەڭگە ، توخۇ 9057.2 تەڭگە بولدى .

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدە . بىرلىك نىسبەتتىكى ئىش ھەققى ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىدى ، يېزىلاردىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى ، يەم - خەشەك ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتقا كېتىدىغان خىراجەت ئىگىلەيدىغان نىسبەت ئازايدى . تىجارەت ئورۇنلىرىدا خىمىيىۋى ئوغۇت ئالىدىغان ، سۇپەتلىك ئۇرۇق ، نەسىللىك مال ۋە مال دوختۇرلۇقتا ئىشلىتىدىغان دورىلارنى ئالىدىغان پۇل قالمىدى . يېڭى يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى شەكلى ۋە ئىش ئۇنۇمىنىڭ تۆۋەن بولىشى ئورغۇنلىغان قىيىنچىلىق ئامىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ھازىر بۇ كارخانىلار مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشنىڭ ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە . مۇكەممەل بازار كەم ، پۇل ئۆز ۋاقتىدا ئورنىغا ئىشلىتىلمەگەن ، ماددىي ، تېخنىكا ماتېرىياللىرى ، يېقىلغۇ قاتارلىقلار يېتەرسىز ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەر بولغانلىقتىن ، مەھسۇلات باھاسىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . يېرىمدىن كۆپرەك يېزا ئىگىلىك تەشكىلات ئورگانلىرى يېزا ئىگىلىك ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش يېتىشمەسلىكتەك قىيىنچىلىققا ئۇچرىماقتا ، بۇنىڭدىن

باشقا يەنە ماددىي تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە قەرز پۇل ئېلىش جەھەتلەردە قىيىنچىلىققا ئۇچرىماقتا .

**يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خىراجەت تۈزۈلمىسى**

( پىرسەنت )

| تۈرلەر | 1992 - يىلى | 1993 - يىلى | 1994 - يىلى | 1995 - يىلى |
|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي خىراجەت ئىچىدىكى | 100 | 100 | 100 | 100 |
| ئەمگەك كۈچى چىقىمى | 35.7 | 29.5 | 19.9 | 18.5 |
| ئۇرۇق ۋە تېرىقچىلىقتىكى ماتېرىياللار | 2.4 | 2.1 | 2.1 | 5.3 |
| يەم - خەشەك | 12.5 | 11.4 | 10.8 | 2.6 |
| خىمىيىۋىي ئوغۇت | 1.3 | 0.9 | 1.0 | 1.1 |
| نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە يېقىلغۇ | 10.5 | 11.9 | 13.7 | 12.0 |
| پارچە زاپچاس ، قۇرۇلۇش ۋە رېمونت قىلىش ماتېرىياللىرى | 7.5 | 7.6 | 4.9 | 5.5 |
| قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى تاماملىغان ئىش ئۈچۈن ۋە مۇلازىمەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل | 10.1 | 11.0 | 9.3 | 7.3 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى | 1.9 | 3.0 | 6.3 | 5.3 |
| سۇغۇرتا پۇلى | 0.5 | 0.3 | 0.1 | 0.1 |

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىقتىسادىي ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى قائىدە - نىزاملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك

1994 - يىلى 4 - ئايدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئىمزالىغان « ئىقتىسادىي ئىتتىپاق تۈزۈش توغرىسىدىكى شەرتنامە » نىڭ تەلپىگە ئاساسەن ، ئالدى بىلەن مۇشۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ، ئەمگەك ، مۇلازىمەت ۋە كاپىتالنىڭ ئۆتۈشۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىش ھەمدە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيىتىدىكى قائىدە - نىزاملارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك .

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىر-

لەشمىسى تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار دەل مۇشۇ ئىتتىپاق دائىرىسىدە بۇ خىل خىزمەتنى قانات يايدۇرغان. ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ تاشقى سودا پائالىيەت تۈزۈلمىسى بىردەك. ئۇنداقتا ئۆزبېكىستاننىڭ ئەھۋالى قانداقراق، ئۇنىڭ قانۇن - نىزاملىرى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى دۆلەت قانۇن - نىزاملىرىدا قانچىلىق باغلىنىش بار، تۆۋەندىكى ئانالىزغا قاراپ باقايلى.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتىنىڭ 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى قارارىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى تەڭشەش ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى ماقۇللانغان بولۇپ، بۇ تەدبىر 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولغان. تەدبىردە مۇنۇلار بەلگىلەنگەن:

1. بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە ئېكسپورت بېجى ئېلىنىدۇ.

2. بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ.

3. باج كەچۈرۈم قىلىنىغان ماللار:

ھۆكۈمەت ئارا كېلىشىم دائىرىسىدە ھۆكۈمەتنىڭ نامى بويىچە ئىمزالىنغان ھەم ھۆكۈمەت كاپالەتلىك قىلىدىغان ئامانەت - قەرز كېلىشىمى بويىچە تەمىنلەنگەن ماللار؛ ئەركىن سودا كېلىشىمى ئىمزالىنغان دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنىغان تاۋارلار؛ ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ئاساسەن دۆلەتلەر خام چوتىدىن پۇل ئاجرىتىپ سېتىۋېلىنىغان ئىمپورت قىلىنىغان تاۋارلار؛ دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېكسپورت ھېسابىدا (توپلاپ قىلىنىغان ئېكسپورت) تەمىنلەنگەن ماللار، جۇمھۇرىيەت ئىقتىسادىغا بىۋاسىتە 50 مىليوندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان چەت ئەللىك ۋاكالەتچى ئىمپورت قىلغان ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تاۋارلار؛ ۋاقىتلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىغان ماللار، چېگرىدىن ئۆتىدىغان ماللار ۋە «بېجى قوغدىلىدىغان ئىسكىلات» تۈزۈمى بويىچە يۆتكىلىدىغان ماللار.

باج كەچۈرۈم قىلىنىغان تاۋارلار:

چەت ئەللىك شېرىكلەرنىڭ چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ مۇقىم مۈلكىگە سالغان مەبلىغى، خەير - ساخاۋەت ياردىمى ۋە تېخنىكا ياردىمى؛ كۆرگەزمە بۇيۇملىرى، ئېلان بۇيۇملىرى ۋە تەقدىم قىلىنىغان بۇيۇملار؛ بۇيرۇتقۇچى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خام ماتېرىياللار ۋە يېرىم ئىشلەنگەن ماتېرىياللار. (ئەسكەرتىش: ئەۋەتكەن ماتېرىيالنى پىششىقلاپ ئىشلەپ تەييار بۇيۇم سۈپىتىدە قايتا ئېكسپورت، ئىمپورت قىلسا)، ئەۋەتكەن ماتېرىيالنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ھەققى بويىچە باج ئېلىنىدۇ.

تاموژنا باج نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش:

1. قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان ئېكسپورت بېجىنى يولغا قويمىغان. بىراق ئۆزبېكىستاندا 41 خىل تاۋاردىن ئېكسپورت بېجى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سەنئەت بۇيۇملىرى، يادىكارلىقلار ۋە ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ باج نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 100%. ھەسەل، چېگىت، دانلىق زىرائەت، ئۇن ۋە كىراخماللىق ياسالمىلار، كۈنجۈرە، ئۇن، خۇرۇم، قەغەز، رەڭلىك مېتال كېرەكسىز ماتېرىياللىرى، نىكېل، قوغۇشۇن شۇنىڭدەك بەزىبىر قىممەتلىك بولمىغان مېتاللارنىڭ ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى 40%تىن 50% كىچە.

2. ئەمەلىيەتتە قازاقىستاندا ھەر خىل تاۋارلاردىن بىردەك ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ. پەقەت بەزىبىر تاۋارلارلا بۇنىڭ سىرتىدا. مەسىلەن: ياخشى نەسىللىك ئۇلاق، ياغيۇ، كوكۇس ياغنىقى، مۇقاتىل، پارچە چاي، بۇغداي، سۇلۇ،

گۈرۈچ ، كۆممىقۇناق ، قىچا ، پاختا ، خاسىڭ
مېيى ، پالما مېيى ، كوكۇس ياڭىقى مېيى ، زەيـ
تۇن مېيى ، قىزىلچا ، كوكا ، باللار يېمەكلىكـ
لىرى ، رۇدا ، داشقال ، كان تۇزى ، بىرىكمىلەر ،
دورىلار ، ئېچىتقۇ ئېلېمېنتى ، پارتلاتقۇچ دورا ،
فوتو - سۈرەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق
پىلىونكا ، قۇرت ئۆلتۈرگۈچ ، باكتېرىيە ئۆلتۈر-
گۈچ ، خىمىيىلىك كاتالىزاتور ، كاۋچۇك ، نەشر
بۇيۇملىرى ( ژۇرنال ، نوتا ، خەرىتە ، ئاتلاس ،
گىرافىك ، گىرافىك قەغىزى ) ، پاختا تالاسى ،
پاختىنىڭ كېرەكسىز ماتېرىياللىرى ، كۆزەينەكـ
نىڭ ئەينىكى ( لىنزا ) ، قارا مېتال كېرەكسىز ماـ
تېرىياللىرى ، قوغۇشۇن ، مانگان ، ماشىنا ۋە ئېـ
لېكتر ئۈسكۈنىلىرى ، ئالاھىدە تىپتىكى مەخسۇس
ماشىنىلار ، مېيىپلار هارۋىسى ، باللار هارۋىسى ،
ئوپتىكىلىق مىكروسكوپ ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى
ۋە ئۆي جاھازلىرى ، سەنئەت بويۇملىرى ، ئاسارە
- ئەتىقە قاتارلىق تاۋارلاردىن قازاقىستاندا ئىمـ
پورت بېجى بىردەك كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .

ئۆزبېكىستاندا 25 خىل تاۋاردىن ئىمپورت
بېجى ئېلىنىدۇ . باج نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولـ
غىنى (%100) ئىشلىتىلگەن ماشىنا بولۇپ ، باشقا
تاۋارلارنىڭ باج نىسبىتى ئوتتۇراھال ( %10 —
%20 ) .

ئىمپورت بېجىنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ .
مەسىلەن : قازاقىستاندا ئۈنچە - مەرۋايىت ، ئالـ
تۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىمپورت
بېجى %50 ، ئۆزبېكىستاندا بولسا ئارانلا %5 . يەنە
مىسال ئالساق قازاقىستاندا ئېلېكترونلۇق ئويۇنـ
چۇقنىڭ ئىمپورت بېجى %80 ، ئۆزبېكىستاندا
بولسا ئارانلا %20 .

باج تاپشۇرۇشقا ئېتىبار قىلىشتا ۋە بۇيـ
رۇتقۇچىلار ئەۋەتكەن ماتېرىيالنى پىششىقلاپ
ئىشلەش كەسپىدىن باج ئېلىشتىمۇ پەرق بار ،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاموژنا كەسپىدىكى بەزى
مەسىلىلەردىمۇ ئوخشىماسلىق ناھايىتى كۆپ .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر
بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش كېـ
لىشىمىنى ئىمزالىغىلى ئىككى يىلدىن ئاشقان
بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە كېلىشىم تا هازىرغىچە ئەـ
مەلگە ئاشقىنى يوق . بىرلىككە كەلگەن ئىقتىساـ
دىي رايونغا ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ، هازىرغىچە
لىك ھەر خىل سودا تۈزۈمى يولغا قويۇلىۋاتىدۇ .
قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقىنى
پۈتۈنلەي ئەركىن سودا تۈزۈمى ، ئۆزبېكىستان ،
قازاقىستان ، قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدا يولغا قوـ
يۇلىۋاتقىنى ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت مۇئاـ
مىلە تۈزۈمى .

ئۈچ دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ 1996 -
يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىـ
گىچە ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىمـ
لىق ئۇچرىشىشدا ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان
ئوتتۇرىسىدىكى ، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان
ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن سودا كېلىشىمىنىڭ
ئىمزالىنىش خىزمىتى يەنە كېچىكتۈرۈلدى .

ئادالەت تاھىر (ت)

## خەلقئارا نېفت بازىرىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى مۆلچەر

ئامېرىكا ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى ئۇچۇر
ئورگىنىنىڭ مۆلچەرلىشىچە 2010 - يىلىدىن
ئاۋۋالقى بۇ ئون نەچچە يىل ئىچىدە پۈتۈن دۇنـ
يانىڭ ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياج مىقدارى يىلـ

لىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %1.6 سۈرئەتتە ئاشـ
ىدىكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئېنېرگىيىنى تېجەش
تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىـ
لەن ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياج مىقدارىنىڭ
ئېشىش نىسبىتى ئىلگىرىكى 20 يىلغا قارىغاندا
تۆۋەنلەيدىكەن ( 1970 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلـ
غىچە نېفىتكە بولغان ئېھتىياج مىقدارىنىڭ يىللىق
ئېشىش سۈرئىتى %2.6 ) ، لېكىن تەرەققىي قىـ
لىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قاتناش ترانسپورتى ئۈچـ
قاندەك تەرەققىي قىلغانلىقتىن سۈيۇق يېقىلغۇ ماـ
تېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە
ئاشتى، شۇڭا ئېنېرگىيىگە بولغان ئومۇمىي ئېھـ
تىياج مىقدارىمۇ ئۈچتىن بىر ھەسسە ئاشتى. ئىقـ
تىسادىي ھەمكارلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتـ
لەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى 15 يىلدا ئېنېرگىيىگە
بولغان ئېھتىياج مىقدارى يىللىق ئوتتۇرىچە ھېـ
ساب بىلەن %1.5 سۈرئەتتە ئاشىدۇ، ئىقتىسادىي
ھەمكارلىقى تەرەققىي تاپمىغان ئاسىيادىكى بىر
قىسىم دۆلەتلەر يەنى جۇڭگو، ھىندىستان قاتارـ
لىق دۆلەتلەرنىڭ ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياج
مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا، شەرقىي ياۋـ
روپا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئېـ
نېرگىيىگە بولغان ئېھتىياجى ئاشمايدۇ ياكى ئاـ
جىز ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ 2005 ـ
يىلىغا بارغاندا ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياج
مىقدارى 1990 ـ يىلىدىكى ئېھتىياج مىقدارى بىـ
لەن ئوخشاش تۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن
بولىدۇ. يېقىندا ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر
ئاچقان يېڭى نېفىتلىكنىڭ نېفىت مىقدارى ۋە
ئۈزلۈكسىز بايقىلىۋاتقان يېڭى نېفىتلىكلەر دۇنياـ
نىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياج مىقدارىنى يەنە 15
يىل قاندۇرالايدۇ. 2010 ـ يىلدىن ئاۋۋال،
دۇنيانىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياج مىقدارى يىللىق
ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن %1.5 ئاشىدۇ، ئومۇمىي
ئېھتىياج مىقدارى مۆلچەرلەنگەن ۋاقىتنىڭ ئاخىـ
رىغىچە ئەڭ ياخشى لايىھىگە ئاساسەن كۈندىلىك
ئېھتىياج 89 مىليون تۇڭغا ( ئەڭ تۆۋەن قىممەتتە
87 مىليون تۇڭغا، ئەڭ يۇقىرى قىممەتتە 95 مىلـ
يون تۇڭغا ) يېتىدۇ. خەلقئارا بازاردا باشقا رىقاـ
بەت كۈچىگە ئىگە ئېنېرگىيە توشۇغۇچىلار
مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ، نېفىتنىڭ باھاسى
بۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە تۆۋەنـ
لەپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن نېفىتنىڭ ئېتىمداـ
ئىي توشۇغۇچىلار ئېھتىياج مىقدارىدا ئىگىلىگەن
نىسبىتى مۆلچەرلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە %40 لىك
سەۋىيىدە تۇراقلىق بولىدۇ. ئىقتىسادىي ھەمكارـ
لىقى تەرەققىي قىلغان نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە
نېفىت يەنىلا ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بوـ
لىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياج
مىقدارى يىللىق ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن %1 لىك
سۈرئەتتە ئاشىدۇ، 1990 ـ يىلىدىكى كۈندىلىك
ئېھتىياج 40 مىليون تۇڭدىن 2010 ـ يىلىغا بارـ
غاندا كۈندىلىك ئېھتىياج 50 مىليون تۇڭغا يېـ
تىدۇ. ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى تەرەققىي قىلمىغان
دۆلەتلەردە كۈندىلىك ئېھتىياج 27 مىليون تۇڭـ
دىن 40 مىليون تۇڭغا يېتىدۇ. ئاسىيا رايونىدىكى
ئالاھىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يەنى
جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نېفىتكە بولغان
ئېھتىياج مىقدارى يىللىق ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن
%4 لىك سۈرئەتتە ئاشىدۇ. ئىقتىسادىي ھەمكارـ
لىقى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ پۈتۈن دۇنـ
يادىكى نېفىتكە بولغان ئېھتىياج مىقدارىدا ئىـ
گىلىگەن نىسبىتى 1990 ـ يىلىدىكى %57 دىن
2010 ـ يىلىغا بارغاندا %55 كە چۈشۈپ قالىدۇ.

مۆلچەرلىگۈچىلەر مېكسىكىدا مەخسۇس
تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى،
چۈنكى مېكسىكىنىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياج
مىقدارى يىللىق ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن %2.3
لىك سۈرئەتتە ئاشىدۇ. ئىتالىيە ۋە ياپونىيە قاـ

تارلىق دۆلەتلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىمپورت قىلىدۇ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياجى ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي ئېنېرگىيە توشۇغۇچىلارغا بولغان ئومۇمىي ئېھتىياج مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% تىن يۇقىرى، مېكسىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى نىسبىتى 2010 - يىلىغا بارغاندا 77% بولىدۇ. دۇنيا نېفىت زاپىسىنىڭ مىقدارى ئىلگىرىكى 30 يىل ئىچىدە ( 1960 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ) ئاشقان قىسمىنىڭ 78% تى ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەردىن بولۇپمۇ دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەردىن كەلگەن. ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەردە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىتنىڭ زاپىسى تېخىمۇ كۆپەيمەكتە، هازىر قىزىلىۋاتقان نېفىتنىڭ مىقدارى 80 - يىللاردىكىگە قارىغاندا كۆپ. ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنى ھېسابلىمىغاندا نېفىتنىڭ قېزىلىش مىقدارى يېقىنقى 20 يىلدا ئۈچتىن ئىككى قىسىم كۆپەيدى. ئوپېك تەشكىلاتىدىكى نېفىت هازىر خەلقئارا نېفىت بازىرىدا 40% نى ئىگىلەيدۇ. ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نېفىت زاپاس مىقدارىنى يەنە 90 يىل ۋە 17 يىل قازالايدۇ. يېقىن ۋە ئۇزاق مەزگىلدىن قارىغاندا دۇنيا نېفىت قېزىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشى ئاساسەن ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگە بولۇپمۇ دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرگە تايىنىدۇ. بارلىق مۆلچەرلەنگەن مەزگىل جەريانىدا ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نېفىت قېزىش مىقدارى بارغانچە ئاشىدۇ. لېكىن بەزى دۆلەتلەردە كونا نېفىتلىكلەرنى ئازايتىش ۋە يېڭى نېفىتلىكلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى مۆلچەرلەشتە چوڭ پەرق بولىدۇ.

ئامېرىكىدىكى نېفىت مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش دەرىجىسى مۆلچەرلەنگەندىكىدەك زور بولمايدۇ. شىمالىي دېڭىزنىڭ نېفىت قېزىش مىقدارى 1996 - يىلى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ( كۈندىلىك مەھسۇلاتى 6 مىليون تۇڭ )، شۇندىن كېيىن ئاستا - ئاستا تۆۋەنلىدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردە سىرتقى مەبلەغنىڭ ئېقىپ كىرىشى ئاستا، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى روشەن بولمىغانلىقتىن ئۇلار نېفىت قېزىشتا ئەسلىدىكى سەۋىيىگە تېز قايتالمايدۇ. 2000 - يىلىغا بارغاندا ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كۈندىلىك نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 39 مىليون 500 مىڭ تۇڭدىن 43 مىليون 600 مىڭ تۇڭغا يېتىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنى ئېنىق بەلگىلەش قىيىن.

هازىر مۇتەخەسسىسلەر يېقىنقى 15 يىلدىكى نېفىت باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن ئاساسەن بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى خىل كۆز قاراشتا بولماقتا. بەزى مۇتەخەسسىسلەر 2000 - يىلىدىن كېيىن نېفىتنىڭ باھاسى ئۆرلەيدۇ، چۈنكى ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مالىيە مەسىلىسى ۋە نېفىت قېزىشتىكى ستراتېگىيىلىك فاكجىنى نېفىت قېزىشنى توسايدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بەزى مۇتەخەسسىسلەر نېفىتنىڭ باھاسى تۇراقلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى تارىخىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، نېفىت بىلەن تەمىنلەشنى كونترول قىلىدىغان سىياسىي ئامىل يوق، دەپ قارايدۇ. لېكىن، ھەر خىل مۆلچەردىكى لايىھە ۋە خەلقئارا بازار تەرەققىياتىنىڭ تەسىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ھەمدە شەرقىي ياۋروپا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نېفىت ئېكسپورت قىلىش ئاساسىدا بولىدۇ.

هازىر كۆپ ساندىكى مۇتەخەسسىسلەر

نېفىت باھاسى ئۆرلەپ كېتىدۇ، دەپ قارىماقتا. ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر 2000 - يىلدىن كېيىن نېفىت قېزىش كۈچىنى كۈچەيتىپ خەلقئارا بازاردىكى كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئېھتىياجنى قاندۇرۇشى كېرەك. مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا، نېفىتنىڭ قېزىلىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدىكەن ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنلا كۈندىلىك مەھسۇلاتى 45 مىليون توڭ بولۇش سەۋىيىسىدە تۇراقلىشىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن، يېڭىدىن سېلىنغان مەبلەغ كونا نېفىتلىك مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كونترول قىلىشقا يەتمەيدىكەن، ئىككىنچىدىن، ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قويۇق نېفىت چىقىدىغان نېفىتلىكلەرنى قېزىش نىيىتى يوق، لېكىن بۇنداق نېفىتلىكلەردە ساقلىنىدىغان قويۇق نېفىت مىقدارى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قويۇق نېفىتلىكنى ئاچماسلىقىدىكى سەۋەبى ۋېنېسۇئېلا ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قويۇق نېفىتلىكنى پىششىقلاپ ئىشلەپ يېنىك نېفىت تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارغا ئايلاندۇرىدىغان ئىلغار تېخنىكىسى يوق.

1990 - يىلدىن باشلاپ، دۇنيادىكى نېفىتكە بولغان كۈندىلىك ئېھتىياج ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 500 مىڭ توڭدىن 2 مىليون توڭغىچە ئاشماقتا. ئېشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھىندىستان، جۇڭگو ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىقتىسادنىڭ ئەركىنلىشىشى نېفىتكە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئۆرلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئەگەر ھازىرقى دۇنيا نېفىت زاپىسى يېقىنقى بەش يىلدىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى، ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نېفىت قېزىش مىقدارىدا روشەن كۆپىيىش بولمايۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، نېفىت باھاسىنىڭ تۆۋەنلەش، تەڭپۇڭلىشىش مەزگىلىنىڭ پات ئارىدا تاماملىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

نېفىت باھاسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، دېگەن كۆز قاراش، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىكى ئەھۋاللارنى يەنى 70 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە نېفىتنىڭ باھاسى ئۆرلىگەنگە قەدەر ۋە نېفىت باھاسىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن ئانالىز قىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. باھا تۇراقلىق بولىدۇ دەپ مۆلچەرلىگۈچى مۇتەخەسسىسلەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان قېدىرىش ئۇسۇلى ۋە قېزىش تېخنىكىسى ئىلگىرى سانائەتتە پايدىلىق قىممىتى يوق، دەپ قارالغان نېفىتلىكلەرنى ئېچىپ پايدىغا ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن، بۇ پەقەت ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرگىلا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى باشقا دۆلەتلەرگىمۇ قارىتىلغان، بۇنىڭدىن باشقا تەبىئىي گاز مەھسۇلاتىدىمۇ كۈچلۈك رىقابەت مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ.

روسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا باشقا دۆلەتلەردە دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىشىشىغا ئەگىشىپ، خام نېفىتنى ئېكسپورت قىلىش مىقدارى ئېشىشى مۇمكىن، مانا بۇمۇ نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، بۇ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان لېكىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىگەن نېفىتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرىدۇ.

ئىراق خەلقئارا بازارغا قايتا كىرسە، ئوپېك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نېفىت مەھسۇلاتىنى ئېھتىياجدىن ئاشۇرۇۋېتىشى، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى ئۈلۈشىنى ساقلاپ تۇرۇشتا پەيدا بولىدىغان ئىختىلاپنى كۈچەيتىشى مۇمكىن.

ئومۇمىيۈزلۈك هالدا ئېنېرگىيىنى تېجەپ ئىشلىتىشمۇ ئېنېرگىيىگە بولغان ئېهتىياجنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشى بۇنىڭ بىلەن نېفىت باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشىمۇ مۇمكىن.

نېفىت باھاسىنىڭ ھەر خىل مۆلچەرلەنگەن نەتىجىسى

| ئورۇن ئىسمى | 2000 ـ يىلى | 2005 ـ يىلى | 2010 ـ يىلى |
|---|---|---|---|
| EIA: | | | |
| سۇندۇرۇلغان لايىھە | 19.13 | 21.50 | 24.12 |
| ئەڭ تۆۋەن لايىھە | 13.52 | 14.25 | 14.65 |
| ئەڭ يۇقىرى لايىھە | 21.15 | 24.55 | 28.9 |
| IEA | 23.00 | 28.00 | 28.00 |
| PEL | 14.99 | 14.15 | 14.97 |
| DRI | 19.98 | 24.67 | 28.07 |
| WEFA | 18.75 | 20.36 | 21.36 |
| GR | 18.58 | | 20.54 |
| NRC | 20.0 | 22.00 | 22.00 |
| CEC | 21.06 | 23.31 | 25.56 |

## دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەر يەنە بىر «جۇڭگو» غا دىققەت قىلماقتا

خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە روشەنلىشىشكە ئەگىشىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە جۇڭگونىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش جەھەتتىكى رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بىرى: دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەر ئەڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بازارنى ئىگىلەش نەپسى چەكسىز بولىدۇ. ئۇلار جۇڭگو بازارلىرىغىلا قىزىقىپ قالماستىن بەلكى دۇنيادىكى بارلىق بازارلارغا، بولۇپمۇ ھىندىستاندىن ئىبارەت «دۇنيادىكى ئەڭ كېيىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان» بۇ بازارغا تېخىمۇ قىزىقىدۇ.

ھىندىستان مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى خېلى بۇرۇنلا ھازىرلىغان. ھىندىستاننىڭ يەر كۆلىمى 2 مىليون 960 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ دۇنيادا يەتتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. نوپۇسى 900 مىليون بولۇپ دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھىندىستاندا ئەمگەك كۈچى ئەرزان بولۇپلا قالماستىن بەلكى سېتىۋېلىش كۈچى تولۇق بولغان 200 مىليوندىن كۆپ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بار. ھىندىستاندىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى 3 مىليوندىن كۆپ بولۇپ ئامېرىكا، روسىيەدىن قالسا دۇنيادا ئۈچىنچى ئو-

رۇندا تۇرىدۇ . تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي
ئۇزۇنلۇقى 62 مىڭ 570 كىلومېتىر بولۇپ دۇنيادا
تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . ھىندىستاننىڭ سانا-
ئەت تارماقلىرى تولۇق ، ئۆزى قۇراشتۇرۇش ئىق-
تىدارىغا ئىگە ، دېھقانچىلىقتا ئاساسەن ئۆزىنى
تەمىنلىيەلەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئومۇمىيۈزلۈك
ئىنگىلىز تىلى قوللىنىدۇ ، قانۇن - تۈزۈملىرىمۇ
بىر قەدەر مۇكەممەل ، چوڭ تىپتىكى خۇسۇسىي
كارخانىلارنىڭ ئىقتىدارى زور بولۇپ بازارغا بۇ-
رۇلۇشى بىر قەدەر ئاسان . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
كارخانا ئىسلاھاتىمۇ غايەت زور جەلپ قىلىش
كۈچىگە ئىگە ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئا-
ساسىي ئەسلىھە تارماقلىرى ئۈچۈنلا 100 مىليارد
ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنىدى . بىراق ،
ھىندىستاننىڭ ئىگىلىك ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش-
تىن بۇرۇن چەت ئەللىك خۇسۇسىيلار سالغان
مەبلەغنى جەلپ قىلىشى ناھايىتى ئاز بولدى ،
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 100 مىليون ئا-
مېرىكا دوللىرىغا يەتمەيدۇ . بۇنىڭدىكى ئاساسىي
سەۋەب چەت ئەللىك خۇسۇسىيلار سالغان مەب-
لەغنى جەلپ قىلىش سىياسىتى بەك قاتتىق ،
شەرتىمۇ ئېغىر . 1974 - يىلى تۈزۈلگەن «
تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش قانۇنى » دا مۇنداق
بەلگىلەنگەن : چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار
چوقۇم ھىندىستان بىلەن شېرىكلىشىشى كېرەك ،
ئىگىلىگەن پايى نىسبىتى %40 تىن ئېشىپ كەت-
مەسلىكى كېرەك ، پەقەت دۆلەت ئالدىن تەرەققىي
قىلدۇرىدىغان تۈرلەر ، ئېكسپورت تۈرلىرى ۋە
ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %51
تىن %74 كىچە بولىشى كېرەك . چەت ئەللىك
مەبلەغ سالغۇچىلار چوقۇم تېخنىكىلارنى ئۆتكۈزۈپ
بېرىشى ، ھىندىستاندا توغرا يۆنىلىشلىك ئۆزگە-
رىشكە يول قويۇشى كېرەك .

لاھور ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كې-
يىن ، چەت ئەل مەبلىغىنى رىغبەتلەندۈرۈشتىن
ئىبارەت بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى . ھەتتا
دۆلەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ يۇقىرى دەرىجى-
لىك ئەمەلدارلارغىچە تاشقى ئىشلار پائالىيىتىدە
چەت ئەل كارخانىلىرىنى ھىندىستانغا مەبلەغ
سېلىشقا رىغبەتلەندۈردى . لاھور ۋەزىيە ئۆتەش
جەريانىدا غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنى زىيارەت
قىلدى . 1992 - يىلى ياپونىيىدە زىيارەتتە بول-
غاندا ياپونىيىنىڭ MITSUBISHI ئېغىر سانائەت
شىركىتى ، NATIONAL ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى
شىركىتى ، SUZUKI ، TOYOTA قاتارلىق
شىركەتلەرنى ھىندىستانغا مەبلەغ سېلىشقا تەك-
لىپ قىلغان . 1994 - يىلى 5 - ئايدا ئامېرىكىدا
زىيارەتتە بولغاندا ئۈچ يىل ئىچىدە ئاساسىي ئەس-
لىھەگە 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سې-
لىش تۈرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى ، بىرگە كەل-
گەن 20 نەپەر چوڭ كارخانىچىلار ئامېرىكىدىكى
26 نەپەر كارخانىچىلار بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ
بېرىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى .

1996 - يىلىدىكى ھىندىستان چوڭ ساي-
لىمىدىن كېيىن، ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىدىن تەش-
كىللەنگەن گودو بىرلەشمە ھۆكۈمىتى چەت ئەل
مەبلىغىنى جەلىپ قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ
قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەم جۇڭگودىن چەت ئەل
مەبلىغىنى تالىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتنىڭ « ئەڭ تۆۋەن ئورتاق پ-
روگراممىسى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: بۇنىڭدىن
كېيىن ھەر يىلى تەخمىنەن 10 مىليارد ئامېرىكا
دوللىرى چەت ئەل مەبلىغى جەلىپ قىلىش ، سا-
نائەت تارماقلىرىنىڭ ھەر يىلى %12 ئېشىش نى-
بىتىنى ساقلاپ قېلىش ، مۇھىمى ئاساسىي ئەس-
لىھە قۇرۇلۇشى ، يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئىشقا ئو-
رۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە چەت ئەلنىڭ بىۋاستە
مەبلىغىنى جەلىپ قىلىش . 1996 — 1997 - يىل-
لىق مالىيە خام چوت لايىھىسىدە شەخسلەرنىڭ
ئاساسىي ئەسلىھەرلەرگە مەبلەغ سېلىشىنى رىغ-

بەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ، ھىندىستاندا مەخسۇس ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پۇل مۇئامىلە شىركىتى قۇرۇلۇپ ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن تۆۋەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز بېرىدۇ . چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ، چەت ئەلنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق شىركەتلىرىنىڭ ئىگىلىگەن پايچە نىسبىتى ھازىرقى 5% تىن 10% كە ئۆستۈرۈلىدۇ ، چەت ئەللىكلەرنىڭ ھىندىستاننىڭ ئىچكى بازارغا سېلىنمىغان پايلىرىغا ئېرىشىشكە يول قويۇلىدۇ . ئورتاق پروگراممىدا مەبلەغ سېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە تەستىقلاش ۋاقتىنى قىسقارتىشقا كاپالەتلىك قىلىش ، تەستىقلىغۇچى ئورۇننى زۆڭلى ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن سانائەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ، چەت ئەلنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشىغا مەخسۇس مەسئۇل بولىدىغان چەت ئەل مەبلىغىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ چىقىش بەلگىلەنگەن .

تۆت يىل ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات ، بازار ۋە تەننەرخى تۆۋەن ئەمگەك كۈچى تېپىشنى ئارزۇ قىلىدىغان دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ھىندىستانغا تېخىمۇ كۆپلەپ كىرىشىگە تۈرتكە بولدى . چەت ئەللىكلەرنىڭ ھىندىستانغا سالغان بىۋاسىتە مەبلىغى 1991 - ، 1992 - يىلى 300 مىليوندىن 400 مىليون ئامېرىكا دوللارغىچە بولۇپ 1995 - ، 1996 - يىلى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . ھىندىستان ھۆكۈمىتى 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر ھەپتە ئىچىدىلا 84 تۈرلۈك بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش پىلانىنى تەستىقلىدى ، سوممىسى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ . تەستىقلانغان تۈرنىڭ بىرى ئامېرىكىنىڭ كوكا - كولا شىركىتى سالغان 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى مەبلەغ بولۇپ ، پىلان بويىچە ھىندىستاندا ئىككى شۆبە شىركەت قۇرۇلىدۇ . گېرمانىيىنىڭ BMW ماشىنا ياساش شىركىتى ھىندىستاننىڭ زاۋۇتلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن 600 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن مەبلەغ سالدى .

ئامېرىكا ھىندىستاندىكى ئەڭ چوڭ مەبلەغ سېلىش دۆلىتى بولۇپ ، 1991 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە ھىندىستانغا 330 مىليون رۇپىيە مەبلەغ سالدى ، بۇ ھىندىستاننىڭ چەت ئەلنىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشىنى تەستىقلاش كېلىشىمىدىكى نورمىسىنىڭ 28% نى ئىگىلەيدۇ . 1993 - يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ھىندىستاننى يېڭىدىن گۈللەنگەن 10 چوڭ بازارنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزدى . ئامېرىكىنىڭ ھىندىستاننىڭ مەبلەغ ۋە سودا بازارلىرىدىكى ئىلغار ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، 1993 - يىلى ھىندىستان بىلەن سودا ئېلىپ بارغان ئامېرىكا شىركىتى « ھىندىستان پايدا گۇرۇھى » دەپ ، ئاتىلىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇپ ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى . بۇ گۇرۇھ فورد شىركىتى ، ئامېرىكىنىڭ تېلېفون - تېلېگراف شىركىتى ، كوكا - كولا شىركىتى ، خەلقئارا سودا ماشىنىلىرى شىركىتى ، موتورولا شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئورتاق قارىشى « باشقا بىر جۇڭگوغا دىققەت قىلىش » . يېقىندا ھىندىستاندا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان 35 چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئىچىدە 35 ى ئامېرىكىدىن كەلگەن . بۇنىڭ سەۋەبى ھىندىستان چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ئېنېرگىيە ۋە يېقىلغۇ تارماقلىرىغا مەبلەغ سېلىشىغا نىسبەتەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللانغانلىقىدا . ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىمپورت بېجى ئاران 20% ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈ-

لوپ بەش يىل ئىچىدە باج ئېلىنمايدۇ . ھۆكۈمەت 16% پايدا نىسبىتى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ . تېز سۈرئەتلىك قۇرۇلۇشلار 4:1 نىسبەت قەرز ۋە پاي نىسبىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . قوش توك يۆلى ئۆلچىمى يولغا قويۇلىدۇ ، مەركەز يەنە ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىگە توك پۇلى تاپشۇرۇشى ئۈچۈن ئوخشاش كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. نېفىت چارلاش - قېزىش شارائىتىمۇ تەدرىجىي ئەۋزەللەشتى .

ماشىنىسازلىق سانائىتىمۇ دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ھىندىستاندىكى يەنە بىر مەبلەغ سېلىش تۈرى . 1993 - ، 1994 - يىلى ھىندىستان ئاپتوموبىل ئىستېمال بېجىنى تۆۋەنلەتكەندىن بۇيان ھىندىستاننىڭ ماشىنىسازلىق سانائىتى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ، ھازىر دۆلەتتىن ھالقىغان 14 شىركەت مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ . ياپونىيىنىڭ SUZUKI شىركىتىنىڭ ھىندىستان ئاپتوموبىل شىركىتىدە ئىگىلىگەن پاي نىسبىتى 50% بولۇپ ، ئىشلەپ چىقىرىلغان « خەلق » ماركىلىق پىكاپ ھىندىستان پىكاپ بازىرىنىڭ 65% نى ئىگىلىدى . رىقابەت كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن 2000 - يىلغا بارغاندا ئىگىلىگەن نىسبىتى 38% كە چۈشۈپ قېلىشى مۆلچەرلەنمەكتە . ئامېرىكىنىڭ ئاممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى ھىندىستاننىڭ خۇسۇسىي ئاپتوموبىل شىركىتىگە 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى . فرانسىيىنىڭ PEUGEUT شىركىتى ھىندىستاننىڭ بىرىنچى ئاپتوموبىل شىركىتىگە 250 مىليون فرانك مەبلەغ سېلىپ بومباي ، يېڭى دېھلى ، بانگاھور ، كالكۇتتا قاتارلىق جايلاردا ئالدىنقى قاتاردا تۇرماقچى بولدى . رېنو شىركىتىمۇ زاۋۇت قۇرۇش شىركىتىنى ئىزدىمەكتە . گېرمانىيىنىڭ مېرسېدېس بېنس شىركىتى ھىندىستاننىڭ تاتا ماشىنا - ئاپتوموبىل شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ بېس E تىپلىق كاتتا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىپ سېتىلىش نورمىسى تېز ئاشتى . كورېيىلىك مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ ھىندىستانغا خىرىس قىلماقتا . دايۇ شىركىتى 1998 - يىلىغىچە ھىندىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاپتوموبىللىرىنىڭ سانىنى 220 مىڭغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىماقتا . HYUNDAI شىركىتى دايۇ شىركىتىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن مادراستا مەبلەغ سېلىپ شۆبە شىركەت قۇرۇپ مۇستەقىل ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىدى .

ھىندىستاننىڭ ھېسابلاش ماشىنىسى يۇمشاق دېتال سانائىتى تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ، مائاشىنىڭ تۆۋەن بولۇشى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلماقتا . ھىندىستاندا 600 يۇمشاق دېتال شىركىتى بولۇپ مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ ، ئېكسپورت 60% نى ئىگىلەيدۇ . سەككىز شىركەت ISO9001 ئىسپاتىغا ئېرىشكەن ، ئۇنىڭدىن باشقا 55 شىركەت ئىلتىماس قىلدى . ھىندىستان يۇمشاق دېتال جەمئىيىتى مۇنداق بەلگىلىمە چىقارغان ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 10 دىن ئاشىدىغان يۇمشاق دېتال شىركەتلىرى 2000 - يىلىدىن بۇرۇن چوقۇم ISO9001 ئۆلچىمىنى يولغا قويۇشى كېرەك . ھىندىستاندا يۇمشاق دېتال ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى ئىقتىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇئاشى ئامېرىكىنىڭ $\frac{1}{10}$ گە توغرا كېلىدۇ . خەلقئارا سودا ماشىنىلىرى شىركىتى ، موتورولا شىركىتى ، تېكساس ئەسۋاب شىركىتى قاتارلىقلار ھىندىستاندا يۇمشاق دېتال ئىشلەپچىقىرىش ، تەتقىق قىلىش ۋە ئېچىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا . ئەنگلىيىدىكى 30 شىركەت ھىندىستاننىڭ يۇمشاق دېتال شىركىتى بىلەن « ستراتېگىيىلىك ئىتتىپاق » تۈزدى .

نۆۋەتتە ، ياپونىيىمۇ ھىندىستان بازارلىرىغا ھۇجۇم قىلماقتا . 1995 - يىلىغىچە ياپونىيە

ھىندىستاندىكى 4 - چوڭ مەبلەغ سېلىش دۆلە-
تىگە ئايلاندى. 1995 - يىلى ياپونىيە شىركىتى-
نىڭ مەبلەغ سوممىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 200%
بولۇپ، 1997 - يىلى تېخىمۇ ئېشىشى مۆلچەر-
لەنمەكتە.

شەرقىي ئاسىيا بىلەن شەرقىي جەنۇبىي
ئاسىيادىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئاساسىي ئەسلى-
ھەلەرگە مەبلەغ سېلىشتا ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئې-
رىشتى. كورىيىنىڭ دايۇ شىركىتى ئېنېرگىيە ۋە
بىناكارلىق جەھەتتە 5 مىلياد ئامېرىكا دوللىرى
مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىدى. HYUNDAI گۇ-
رۇھى پورت ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول
قۇرۇلۇشىغا يۈرۈش قىلماقتا.

# روسىيە كېرەكسىز، كونا پولات - تۆمۈر ئېكسپورتىنى چەكلىدى

1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى-
دىن باشلاپ روسىيە قارا رەڭلىك مېتال ۋە رەڭ-
لىك مېتال كېرەكسىز كونا بۇيۇملىرىنى ئېكس-
پورت قىلىشتا ئىجازەتنامە ۋە نورما تۈزۈمىنى يولغا
قويدى. مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ شەكلى قانداق
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ يېڭى تۈزۈم ئىقتىسادىي
پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
روسىيە مېتاللورگىيە كومىتېتى ئېكسپورت قى-
لىشتا ئىجازەتنامە ۋە نورما تۈزۈمىنى يولغا قو-
يۇشقا مۇناسىۋەتلىك بۇ قارار لايىھەسىنى كۆپەي-
تىپ بېسىپ ئىقتىسادىي مىنىستىرلىككە، مالىيە مى-
نىستىرلىكىگە، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىر-
لىكىگە، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا ۋە
روسىيە ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە تاپشۇردى.

روسىيە مېتاللورگىيە كومىتېتىنىڭ تاشقى
ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قارا رەڭلىك مې-
تال ۋە رەڭلىك مېتال كېرەكسىز، كونا بۇيۇملى-
رىنى ئېكسپورت قىلىشتا سان جەھەتتە چەكلىمە
قويۇش، ئاخىرىدا مۇشۇ تۈردىكى بۇيۇملارنىڭ
زور كۆلەمدە ۋە چەكسىز ھالدا روسىيىدىن ئې-
كسپورت قىلىنىشىنى چەكلەشنىڭ بىردىن -
بىر ئۇسۇلى، دەپ كۆرسەتتى. لېكىن روسىيە
مېتاللورگىيە كومىتېتى تاموژنا بېجى ئارقىلىق بۇ
خام ماتېرىياللارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى
تەڭشەش ئۇسۇلىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان
بولسىمۇ بۇ ئۇسۇل يەنىلا قوبۇل قىلىنمىدى.

ھەر قايسى ئورۇنلارغا تاپشۇرۇلغان ھۆ-
كۈمەت قارارى لايىھەسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە قايتا
ئىشلەنگەن مېتاللارنىڭ روسىيە مېتاللورگىيە سا-
نائىتىدىكى مۇھىم رولى قاتتىق تەكىتلەندى. بۇ-
نىڭدا يەنە، قارا رەڭلىك مېتال ۋە رەڭلىك مېتال
كېرەكسىز كونا بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش
دائىرىسىدە سان چەكلىمىسىنى يولغا قويۇشتىكى
مەقسەت، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە
كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ بىرلەشمە
قانۇن دۆلەتنىڭ تاشقى سودىنى تەڭشەپ كونتى-
رول قىلىش قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك 15 - بابىنىڭ
تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى سۆزلەندى. بۇ
لايىھەدە يەنە، نورمىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى رو-
سىيە ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكى بىلەن روسىيە مې-
تاللورگىيە كومىتېتى بىرلىكتە، مۆلچەرگە ئاسا-
سەن، نورما ماددىي ئەشيا شەكىللىنىشىنى ئىگە-
لەش ۋە ئىستېمالنى نورمال ساقلاش ئاساسىدا
بەلگىلىمە چىقىرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. لېكىن بۇ
نورمىنى روسىيە مېتاللورگىيە كومىتېتى مەخسۇس
قارا رەڭلىك مېتال ۋە رەڭلىك مېتال كېرەكسىز

كونا بۇيۇملىرىنى سېتىپ ئېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ . روسىيە مېتاللورگىيە كومىتېتى تەقسىم قىلىپ بەرگەن نورمىغا ئېرىشىش ئاساسىدا ، روسىيە تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىسترلىكى چېگرىدىن چىقىش ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىپ بېرىدۇ .

قارار لايىھىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، كارخانا ياكى ئورگانلار قايتا ئىشلەنگەن مېتاللارنى ئېكسپورت قىلىشتا تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە ، چوقۇم تاموژنىنى ئىمزا قويۇلغان كېلىشىمنامە ۋە ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك . ئەگەر تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە پەقەت چەت ئەللەر بىلەن مال زاكاز قىلىش جەھەتتىكى ئىمزا قويۇلغان كېلىشىمنامە بولسىلا بولمايدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ قارار لايىھىسىدە ، ئەگەر ئىمپورت قىلىنغان ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كېلىشىمى بولسا ، بۇ ئورۇن قايتا ئىشلەنگەن مېتاللارنى ئېكسپورت قىلىشتا سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ، دەپ بەلگىلەندى.

# روسىيە بىلەن قازاقىستاننىڭ چېگرا سودا مەسىلىسى

روسىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تاشقى سودا ئېلىپ بارىدىغان رايون ۋە دائىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلە . چەت ئەللىك شېرىكلەر بىلەن سودىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش پەقەت بەش يىل ئالدىدىلا باشلانغان . ھەممىگە مەلۇم ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا روسىيە ۋە چېگرا ئوبلاستلىرىنىڭ ئېكسپورتى بىر قەدەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى . كونكرېت سەۋەب سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سوۋېتى پارچىلاندى ، ئاساسلىق ئېكسپورت ئورنىغا ئىگە بايلىق بازىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ، بولۇپمۇ ئالدى بىلەن ئېنېرگىيە ، يېقىلغۇ بىرلەشمە گەۋدىسىدە ناچارلىشىش بولدى . دۇنيا بويىچە باھادا تۆۋەنلەش بولدى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە بۇرۇلدى . ھازىر روسىيە 64 چەت دۆلەتلەر ۋە 11 قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى ، سودا قىلىشىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتلىرى قازاقىستان ، فىنلاندىيە ، ئۇكرائىنا ، ئەنگلىيە ۋە جۇڭگو ، يېقىندا كېڭەيىپ ئېرلاندىيە ، لاتۋىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ سودىلىشىدىغان بولدى ، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن مۇھىم .

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا روسىيە مال ئالماشتۇرۇش كەسپىنى قىسقارتىشنى ئويلاشقان ئىدى . بولۇپمۇ يىراق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئاران %5نى ئىگىلىگەن ئىدى . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىمۇ بۇ خىل كەسىپلەر قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ئۇ بىر خىل پۇل تۆلەش شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى . 1995 ـ يىلى روسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن يەرلىكلەر مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان پۇل تۆلەش رەسمىيىتىنى كۈچەيتىش ، تېزلىتىش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇش تەدبىرىنى

قوللاندى . « روسىيە كرېدىت بانكىسى » ئومىسكى تارماق بانكىسى مەزكۇر ئوبلاست بازارلىرىدىكى پۇلنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى پائال ئىشلىمەكتە . قازاقىستان بىلەن باشقا پۇل بېرژىلىرى بۇ تارماق بانكىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ مەزكۇر تارماق بانكىنىڭ يەنە ۋەكالەت ئورگىنى بار ، بېلورۇسىيە ، ئۆزبېكىستان ، تۈركمەنىستان ، قىرغىزىستان ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەردە تارماق بانكىسى بار . تارماق بانكىنىڭ خېرىدارلىرى ئىچىدە كۆپىنچىلىرى روسىيە بىلەن سودا بېرىش - كېلىش قىلىدىغان قازاقىستاننىڭ چوڭ تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرىدۇر . تۆلەش مېخانىزملىرىنى ياخشى تەڭشەپ روسىيىنى مال ئالماشتۇرۇش جەھەتتە قازاقىستان ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرنى نېفىت ، خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .

ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ۋە ھۆكۈمەت ئارا ئىمزالانغان كېلىشىم دائىرىسىدە چېگرا سودا كېلىشىم ئىمزالاندى . 1995 - يىلى روسىيە ، لاتۋىيە ، جەنۇبىي چاۋشەن ، سلوۋاك ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن چېگرا سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى . چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ چېگرا ئوبلاستلىرىغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشى ، شېرىكلەشكەن ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارنى قۇرۇشنى قارشى ئالدى . نۆۋەتتە تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ قوشقان ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلار 300گە يەتتى . ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى كارخانا پەقەت 20 نەچچە يىل ئالدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا مەبلەغ قوشقان كارخانىلار ئېرىشكەن چەت ئەل مەبلىغى 1 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، مەبلەغ قوشقان كارخانىلارنىڭ تاشقى سودىدىكى نورمىسى كۆپ ئەمەس بولۇپ 2% تىن ئاز . 1995 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا روسىيىنىڭ ئومىسكى ئوبلاستىدا تىزىمغا ئالدۇرغان روسىيە ، قازاقىستان كارخانىلىرى 64 . ئاساسلىقى ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، بوياق ماتېرىياللىرى ، كىر ئالغۇ قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ .

# قازاقىستان تاشقى سودا ھەمكارلىشىش شېرىكلىرىنى كېڭەيتمەكتە

« قازاقىستان ھەقىقەت گېزىتى » نىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، 96 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى تاشقى سودا ستاتىستىكا ئەھۋالى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ . تاشقى سودا تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي ئوبوروت مىقدارى ( تەبىئىي گاز ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 1995 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا 40% ئاشقان . يەنى جەمئىي 5 مىليارد 213 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان . كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى تاشقى سودا ئېكسپورت مىقدارى 56% كۆپەيگەن . نەتىجىدە دۆلەتنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئىمپورت مىقدارىدىن ئېشىپ تاشقى سودا ئۇلۇك پەرق سوممىسى 1 مىليارد 249 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان .

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 124 دۆلەت بىلەن ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى بار . ئۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر قازاقىستان تاشقى سودا ئومۇمىي ئوبوروت مىقدارىنىڭ 82% نى ، ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەر

%13 نى ، ياۋروپادىكى 35 دۆلەتنىڭ سودا پائالىيىتى %23نى ئىگىلەيدۇ . قازاقىستاننىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى مېتال ۋە مېتال بۇيۇملار (%34) ، كان مەھسۇلاتلىرى (%35) ، يېمەكلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشيالىرى (%12) ، خىمىيە مەھسۇلاتلىرى (%9) ، ماشىنىلار ، ئۈسكۈنىلەر ، قاتناش قوراللىرى ، ئەسۋابلار (%5) دىن ئىبارەت . 1996 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھەمكارلاشقۇچى دۆلەتلەرگە 2 مىليون 696 مىڭ 600 توننا نېفىت ۋە نېفىت گازى ، 19 مىليون 300 مىڭ توننا كۆمۈر ، 3 مىليون 64 مىڭ 200 توننا تۆمۈر رۇدىسى ، 68 مىليون 700 مىڭ توننا پروكاتلانغان قارا مېتال ( ئاق قەلەيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، 98.44 توننا بۇغداي سېتىپ بەردى ، ھەم چەت ئەلگە 3 مىليون 201 مىڭ توننا نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، 926 مىڭ 300 توننا پروكاتلانغان قارا مېتال ، 146 مىڭ 900 توننا مىس ۋە مىس قېتىشمىسى ، 62 مىڭ 300 توننا پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن سىنك قاتارلىقلارنى ساتتى .

نۆۋەتتە ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سېتىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلار ئېنېرگىيە ـ يېقىلغۇ بايلىقى ۋە كان مەھسۇلاتلىرى خام ئەشياسى ( ئىمپورت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %27 تىنى ئىگىلەيدۇ ) ، ماشىنا ، ئۈسكۈنە ، قاتناش قوراللىرى ، ئەسۋاب ( %26 نى ئىگىلەيدۇ ) ، خىمىيە مەھسۇلاتلىرى ( %10 نى ئىگىلەيدۇ ) ، يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك خام ئەشياسى (%11 نى ئىگىلەيدۇ ) ، مېتال ۋە مېتال بۇيۇملار ( %10 نى ئىگىلەيدۇ ) بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە %75 مەھسۇلاتنى روسىيە (%57 ) ، تۈركمەنىستان (%7) ، بېلورۇسىيە ، فرانسىيە ، تۈركىيە (%3) ئۇكرائىنا ، موڭغۇلىيە ۋە فىنلاندىيە (%2) دىن ئىمپورت قىلىندۇ . ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يەنە قوشنا دۆلەتلەردىن 66 مىڭ 200 توننا شېكەر ، 524 مىڭ 100 توننا نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، 32 مىليون 510 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ، 3 مىليارد 987 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات / سائەت ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ، 290 دانە بالون ، 7200 دانە تېلېۋىزور ، 4152 دانە يېنىك تىپتىكى ئاپتوموبىل ، 862 دانە يۈك كۆتۈرۈش ماشىنىسى سېتىۋالدى . چەت دۆلەتلەردىن يەنە 4300 توننا چاي ، 4100 توننا بولكا ۋە پېچىنە ـ پىرەنىك ، 49 مىڭ 200 توننا شېكەر ، 5900 توننا ئۆسۈملۈك مېيى ، 43 مىڭ 200 توننا نېفىت چەككىلەنمە ماددىسى ، 67 مىڭ 400 دانە تېلېۋىزور ، 1585 دانە يېنىك تىپتىكى ئاپتوموبىل سېتىۋالدى . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىمپورت قىلغان بۇيۇملارنىڭ %50 تىگە ئەركىن ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان پۇل تۆلىدى . 1996 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئىيىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدىكى چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار 817 گە يەتكەن ، 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدە 555 ئىدى . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئەڭ كۆپ شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرغان دۆلەتلەر تۈركىيە — 130 ، روسىيە — 106 ، جۇڭگو — 73 ، فرانسىيە — 71 ، ئامېرىكا — 59 ، ھەمكارلىشىش ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليارد 700 مىليون تەڭگە ، شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، مەبلەغ قوشقان كارخانىلار تاشقى سودا پائالىيىتىنىڭ تايانچ كۈچى . تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتىشقا بولىدۇكى ، قازاقىستاننىڭ تاشقى ئىقتىساد پائالىيىتى 1996 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئۆرلەش ۋەزىيىتىدە بولدى . ئۇ ، جۇمھۇرىيەت خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتى ، تاشقى سودا ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئېشىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى .

# پاختا باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ

1994 ـ يىلى بىر مەزگىل قىزىپ كەتكەن پاختا بازىرى، 1995 ـ يىلى پاختا يىغىش پەسلىدىن كېيىن سوۋۇپ قالدى. نۆۋەتتە پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ئامباردا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر، پاختىكارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى بۇنىڭ بىلەن تەسىرگە ئۇچرىدى. دۆلىتىمىز پاختا بازارلىرىنىڭ ئىستىقبالى قانداق؟ كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنىڭ ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىشىغا قارىغاندا بازارلاردىكى باھا چۈشۈپ كېتىش ھادىسى ئۇزۇنغا سوزۇلمايدىكەن.

دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارغا قارىغاندا، ئالدى بىلەن ئامبارلاردا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئالدىنقى يىلى دۆلىتىمىز پاختا بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن پاختا ئىمپورت قىلىنغان. تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يىل يەنە ئاز مىقداردا پاختا ئىمپورت قىلىشتىن باشقا، مۆلچەرلىنىشىچە دۆلىتىمىز زور مىقداردا پاختا ئىمپورت قىلمايدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىلار يورۇشۇپ تۇرىدۇ ـ دە، تىجارەت ئورۇنلىرىدىكى ئامبارلاردا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى يوقىلىدۇ. ئىككىنچى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىلار قارشى ئېلىنىشقا باشلايدۇ. ئالدىنقى ئىككى يىلدا دۆلىتىمىزدە پاختا قىس ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بازارلاردا ئىمپورت قىلىنغان پاختىلارنىڭ بازىرى چىقىپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىلارنى ئادەملەر سورۇشتە قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۆتكەن يىلى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى بۇرۇنقىدەك پىرىسلانغان پاختا ئارىسىغا يالغان نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇشتەك خاتا ئۇسۇللارنى تۈزەتكەندىن كېيىن بازار ئىناۋىتى ئەسلىگە كېلىپ مەھسۇلاتلارمۇ خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشتى. ئۈچىنچى، بۇ يىل پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۆتكەن يىلدىن تۆۋەن بولدى. بازار ۋە ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈش تەسىرىگە ئۇچراپ، بىر قىسىم پاختىكارلار بۇ يىل پاختىنى تاشلاپ باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكىتىمىزنىڭ 1996 ـ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىپ، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قامدىيالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلدى.

خەلقئارالىق بازاردىن قارىغاندىمۇ ئۈچ تەرەپلىمىك ئاساس بار: بىرىنچى، پۈتۈن يەر شارى بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ مەيدانى ئازىيىپ كەتتى. ئامېرىكا دۇنيادىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ دۆلەت. ئۇنىڭ سودا مىقدارى پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، خەلقئارالىق بازاردا ئاشلىق باھاسى ياخشى بولغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك مەيدان ئىگىلىرى كېۋەز تېرىلغۇ يەرلىرىنى دانلىق زىرائەت تېرىشقا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ كېمىيىشى ئېنىق. ئىككىنچى، پۈتۈن يەر شارى بويىچە پاختا ئىشلىتىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. ئۈچىنچى، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش باھاسى ئۆرلەشكە باشلىدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللار شۇنى بىلدۈرىدىكى، پاختا بازىرىنىڭ كاساتلىشىشتىن ئاۋاتلىشىشقا ئۆزگىرىشى مۇقەررەر. بۇ بازار ئىقتىسادىي تەڭشەش ئىقتىدارىنىڭ ئىنكا-

سى . شۇڭلاشقا ، مەيلى پاختا ئىشلەپچىقارغۇ-
چىلار ياكى تىجارەت قىلغۇچىلار بولسۇن ، بازار
ئېتتىك بولغاندا قوغلاشماسلىق ، بازار كاسات
بولغاندا تاشلىۋەتمەسلىكتىن ئىبارەت تىجارەت پ-
رىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك . پاختا سورتلى-
رىنى يېتىشتۈرۈش ۋە يىغىپ سېتىۋېلىش خىز-
مەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتكەندە ئاندىن
بۇندىن كېيىنكى سېتىۋېلىش ۋە سېتىپ بېرىش
يۈرۈشلەشكەن پاختا بازارلىرى ئۈچۈن پۇختا
ماددىي ئاساس تۇرغۇزغىلى بولىدۇ .

# روسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ 1997 - يىللىق مالىيە خام چوتى

يېقىندا روسىيە زۇڭلىسى چېرنومېلكىن
1997 - يىلىنىڭ خام چوت لايىھەسىنى تۆۋەن
پالاتا دۆلەتلىك دۇمانىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا تاپ-
شۇردى ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بەلگىلەنگەن
مۇددەت ئىچىدە بۇ قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىشنى
تەلەپ قىلدى . روسىيە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ
بىرىنچى مۇئاۋىن باشلىقى 1997 - يىلىنىڭ خام
چوت لايىھەسىگە قارىتا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى
سۆزلىدى .

روسىيە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىرىنچى
مۇئاۋىن باشلىقى پېتروۋ مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى : كېلەر يىلىنىڭ مالىيە خام چوتى بۇ
يىلىنىڭ مالىيە خام چوت ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇ-
ناسىۋەتلىك . 1997 - يىلىنىڭ خام چوتىنى بې-
كىتىشتە كۆزدە تۇتۇدىغىنىمىز ، 1996 - يىلىنىڭ
ئاخىرىغىچە قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى
بولىدۇ ، باج - سېلىق تاپشۇرۇپ ئېلىش نىسبى-
تىنى ئۆستۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ -
يوق ، مەركىزى بانكا بىلەن پۈتۈشكەن ماكرولۇق
ئىقتىسادىي پارامېتردىن ئېشىپ كەتمەسلىك مەق-
سىدىگە يېتىش ئۈچۈن فېدېراتسىيەنىڭ خام
چوت تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ، 1997
- يىلىنىڭ خام چوت قىزىل رەقىمى دۆلەت ئى-
چىدىكى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 3.3% نى ، كى-
رىمنى قوشقاندىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى-
نىڭ 15% نى ئىگىلەش قاتارلىق مەسىلىلەر . بۇ
خام چوت چىقىم قىسمىنىڭ چەك سىزىقى . شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بۇ يىلىنىڭ خام چوتنى
ئىجرا قىلىش نەتىجىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس . ئۇ-
نىڭدىن باشقا بەزىبىر تولۇقلىما چىقىمنى ئىش-
لەشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، ئېلېكتر ئىس-
تانسىسى ۋە شىمالىي كارخانىلار ئۈچۈن يېقىلغۇ
زاپىسىنى قۇرۇپ بېرىش كېرەك . بۇ يىلىنىڭ ما-
لىيە ياردەم بېرىش نۇقتىسى كۆمۈرچىلىك تار-
ماقلىرى بولۇپ ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش
مەسىلىسىمۇ ئەزەلدىن جىددىي بولۇپ كېلىۋات-
قان . دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بىر قېتىملىق
مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ، مالىيە يار-
دىمى تولۇق بولمىغانلىقتىن ، زۆرۈر بولغان مۇدا-
پىئە ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلالمايمەن ، دېگەن .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، بەلگىلەنگەن
خام چوت قىزىل رەقىمىنى ساقلاپ قىلىشتىن
باشقا ، ھۆكۈمەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەقسىدى
بار ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن باشقا بارلىق
چىقىملارنى توختىتىپ پەقەت مۇئاش تارقىتىشقىلا
كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت . شۇنداق بولسىمۇ ،
پارلامېنت 1997 - يىللىق خام چوت لايىھەسىنى
مۇھاكىمە قىلغان بىر ئاي ئىچىدە ، چىقىم قىسمىغا
مەلۇم ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈشكە مەجبۇر
بولدى .

# ھىندىستان گۆرۈچ ئېكىسپورت قىلىشتىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى

ھىندىستان 1995 - يىلى 3 مىليون 800
مىڭ توننا گۆرۈچ ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، بۇ
1993 - يىلى ئېكسپورت قىلغان 767 مىڭ 500
توننا ۋە 1994 - يىلى ئېكسپورت قىلغان 800
مىڭ تونىنغا قارىغاندا بەش ھەسسە كۆپ. ھىن-
دىستان گۆرۈچ ئېكسپورت قىلىشتا ئامېرىكىدىن
ئېشىپ دۇنيا بويىچە گۆرۈچ ئېكسپورت قىلىشتا
ئىككىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. ھازىرقى بې-
شارەتلەردىن قارىغاندا ھىندىستان يېقىنقى بىر
نەچچە يىل ئىچىدە گۆرۈچ ئېكسپورت قىلىشتىكى
مۇھىم بىر دۆلەت بولۇپ قالىدۇ.

ھازىر خەلقئارا بازاردا گۆرۈچنىڭ باھاسى
ئۆرلىمەكتە، ھىندىستان گۆرۈچ ئېكسپورت قى-
لىشتىكى مۇھىم بىر دۆلەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چى-
قىدىغان پۇرسەت يېتىلدى.

ئىلگىرى، ھىندىستاننىڭ باسماد گۆرۈ-
چىدىن باشقا، خەلقئارادا ھىندىستاننىڭ گۆرۈ-
چىگە بولغان ئېھتىياج ناھايىتى ئاز ئىدى. يىراق
شەرقتە كىشىلەر پىشىرگەندىن كېيىن يۇمشاق
تۇرىدىغان گۆرۈچنى ياخشى كۆرىدۇ. ئافرىقىدا
كىشىلەر پىشقاندىن كېيىن يوغىنايدىغان گۆ-
رۈچنى ياخشى كۆرىدۇ. بارلىق دۆلەتلەر ئۈچۈن
ئېلىپ ئېيتقاندا، رىقابەت كۈچىگە ئىگە ئېكس-
پورت باھاسى مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. ھىندىستاننىڭ «دانلىق» گۆرۈچى قات-
تىق بولىدۇ، ئۇ پىشقاندىن كېيىن ئۇزىرايدۇ لې-
كىن كۆپمەيدۇ، دۇنيادا گۆرۈچ باھاسى ئۆرلەش-
تىن ئاۋۋال، ھىندىستاننىڭ گۆرۈچى باھا جە-
ھەتتە ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن
تۆۋەن باھالىق گۆرۈچلىرى بىلەن رىقابەتلىشەل-
مەيتتى. ھىندىستان ھازىرغىچە ئۆزىنىڭكىنى ئۆ-
زىگە يەتكۈزۈشتە مەھسۇلات مىقدارىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ كەلدى، ئىلگى-
رىدىكى ئېكسپورت چەكلىمە ئۇسۇللىرى باھانىڭ
يۇقىرى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەگەر خەلقئارا گۆرۈچ بازارلىرى نورمال
ھالەتكە قايتسا، ھىندىستان دۇنيا گۆرۈچ سودى-
سىدىكى نورمىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن،
چوقۇم ياخشى سۈپەتلىك گۆرۈچ ئىشلەپچىقىرىش
سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتى-
ياجىنى قاندۇرالايدىغان بولۇش كېرەك.

## قاتناش مىنىستىرلىكى ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز ماتېرىياللارنى تۇشۇشتا يېڭى بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويدى

ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز تاۋارلارنىڭ
تۇشۇلۇشىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە مۇنا-
سىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ زىيانلىق كېرەكسىز ما-
تېرىياللارنىڭ دۆلىتىمىزگە كىرىپ مۇھىتنى بۇل-
غۇشىنى توسۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، قاتناش
مىنىستىرلىكى يېقىندا «ئىمپورت قىلىنغان كې-
رەكسىز ماتېرىياللارنى ھۇدۇدىغا ئېلىپ توشۇشنى
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك بەلگى-
لىمە»نى ئۆزگەرتىپ بېكىتتى.

بۇ بەلگىلىمە 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ

20 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى . بەلگىلىمدە ، دۆلىتىمىزدىكى تاشقى سودا ماللىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار چوقۇم مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ بەلگىلىملەرگە ئەمەل قىلىشى ۋە دۆلىتىمىز ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن كىرەكسىز ماتېرىياللارنى يۆتكىمەسلىكى بەلگىلەندى . ھۆددىگە ئېلىپ توشۇغۇچىلار دۆلىتىمىز ئىمپورت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان كىرەكسىز ماتېرىياللارنى يۆتكەشتە چوقۇم كىرەكسىز ماتېرىياللارنى توشۇشقا تاپشۇرغۇچى خادىم ، مال تارقاتقۇچى خادىم ياكى ۋەكالەتچى خادىملار مۇناسىۋەتلىك شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن كېيىن يۆتكەش كېرەك . بۇ شەرتلەر : دۆلىتىمىزنىڭ مەملىكەتلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تارقاتقان كىرەكسىز ماتېرىياللارنى ئىمپورت قىلىش تەستىقنامىسى ؛ دۆلىتىمىزنىڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ياكى دۆلەتلىك تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىلىرى بەلگىلىگەن ياكى ئېتىراپ قىلغان تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى تارقاتقان ئىمپورت قىلىنىدىغان كىرەكسىز ماتېرىياللارنى يۆتكەشتىن ئاۋۋالقى تەكشۈرۈش لاياقەتنامىسى ؛ سودا توختامنامىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ باسقاندىن كېيىنكى نۇسخىسى ، نومۇرى ياكى مال تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ يازما ماتېرىيالى ؛ مال تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ تەپسىلىي ئىسمى ۋە ئادرېسى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت . يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، ئىمپورت قىلىنىپ دۆلىتىمىز پورتلىرىغا كىرگەن كىرەكسىز ماتېرىياللار ، دۆلىتىمىزنىڭ كىرەكسىز ماتېرىياللارنى ئىمپورت قىلىش ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلمىسە ، مال تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلار قانۇن بويىچە مالنى قايتۇرىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق مەسئۇلىيەت ۋە خىراجەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ .

# قىرغىزىستان بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئالدى

قىرغىزىستان 1996 ـ يىلى بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىپ ، تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، دانلىق زىرائەتتىن ئېلىنغان ھوسۇل مىقدارى 1 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ ، بۇنىڭ 950 مىڭ توننىسى بۇغداي ئىكەن . قىرغىزىستان ھەر يىلى 800 مىڭ توننا بۇغدايغا ، يەنى ھەر بىر ئائىلە ھەر يىلى 130 كىلوگرام بۇغدايغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ .

قىرغىزىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى يېقىندا ، قىرغىزىستان ئۆزبېكىستاننىڭ تەبىئىي گازىنى قىرغىزىستان بۇغدىيى بىلەن تۆلەش كېلىشىمىنى تۈزمەكچى دېدى .

# قازاقىستان تۆمۈر يولدا مال توشۇش باج نىسبىتىنى ئۆستۈردى

قازاقىستان 1996 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە بەش باسقۇچقا بۆلۈپ ، دۆلەت ئىچىدىكى تۆمۈر يولدا مال توشۇش باج

نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە باشلىدى.

بۇ قارارنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى چىقارغان. قازاقىستان ھۆكۈمىتى دۆلەتلىك مال باھا ۋە مونوپوللۇققا قارشى سىياسەت كومىتېتى ھەممە قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش مىنىستىرلىكىدىن، 1996 — ۋە 1997 — يىللىرى دۆلەت ھالقىغان ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تۆمۈر يولدا مال توشۇشتا باج نىسبىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۆتكۈلىنى باسقۇچقا بۆلۈپ تاماملاشنى تەلەپ قىلدى.

دۆلەت ئىچى ترانسپورت باج نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بەش باسقۇچى تۆۋەندىكىچە: 1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 9% 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 9% 1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 9% 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 7% 1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 8% كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر روسىيىگە قەرز تۆلەشتە يېڭى ئۇسۇل قوللاندى

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارقا — ئارقىدىن خۇسۇسىيلاشقان كارخانىلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە پاينى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى روسىيىگە قەرز تۆلەشنىڭ بىر خىل يېڭى شەكلى ۋە ئۇسۇلى قىلدى.

نۆۋەتتە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ روسىيىگە تۆلەشنى ئارقىغا تارتىۋاتقان قەرز پۇلى 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. روسىيە فېدېراتسىيىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمكارلىق ئىشلىرى مىنىستىرى ئامان تولېيېۋنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، روسىيە سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل قەرز تۆلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئىگىلەپتۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىر نەچچە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى مۇشۇنداق قىلىنغان.

## ئۆزبېكىستان خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىردى

ئۆزبېكىستان تەتقىقات ئورنى تاشكەنتتە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇ يىغىن ئارقىلىق ئۆزبېكىستاندىكى سودىگەرلەر، بانكىرلار ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت سودىگەرلىرى خەلقئارا سودا تەشكىلاتىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنىنى ۋە مالىيە مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ پۇرسەت ئىگىلەشنى ئۆگىنىۋالدى.

يىغىن جەريانىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن قاتناشقان باھالىغۇچىلار ئۆزبېكىستاننىڭ قانۇن، ئىقتىساد ۋە بازار تەرەققىيات سەۋىيىسى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. يېقىندا ئۆزبېكىستان تاشقى ئىقتىساد مىنىستىرلىكى خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش تەييارلىق خىزمىتىنى تاماملىدى.

# مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى كارخانىلارغا ياردەم بەردى

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنىدا بىر تۇتاش تەدبىر قوللىنىپ يېنىك سانائەت كارخانىلىرىنى قوللاش، بولۇپمۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كارخانىلارنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ھەر خىل شەكىلدىكى ئالدىن پۇل تۆلەشنى بىكار قىلىش، كارخانىلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلاردىن قوشۇمچە باج ئېلىشنى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى رەئىسلەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ پىكرى بويىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مالىيە ئەھۋالىنى مۇستەھكەملەش، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

# بېلورۇسىيە ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن قوشۇمچە ھەق ئالدى

يېقىندىن بۇيان، بېلورۇسىيە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى. «بېلورۇسىيە سودا ـ سانائەت گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بېلورۇسىيە سودا مىنىستىرلىكى ئىمپورت قىلىنىدىغان بارلىق تاۋارلارنى ساتقاندا 50% قوشۇمچە ھەق تاپشۇرۇۋېلىنىدىغانلىقىنى قارار قىلدى، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە تاۋارلار بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ خىل چارىنى قوللىنىشتىكى سەۋەب دۆلەت ئىچىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، چۈنكى دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئىسكىلاتتا لىق بېسىلىپ ياتماقتا.

كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، يېڭى قوللانغان تەدبىرنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىلەرگە نىسبەتەن زىيىنى ئانچە چوڭ بولمايدىكەن، چۈنكى سودا مىنىستىرلىكى دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ نىسبىتىنى تاۋار ئوبوروت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 75% گە يەتكۈزىدىكەن. مەسىلەن، بېلورۇسىيىنىڭ يېمەكلىك ئوبوروتىدا سېتىلىش نورمىسى تەخمىنەن 90% كە يەتكەن.

باھانىڭ ئۆسۈشى ھاراق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئىمپورت قىلىنغان ھاراق تۈرلىرىدىن 50% قوشۇمچە ھەق ئېلىش بېلورۇسىيىدە ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدىلا باشلانغان.

# قازاقىستان — سەئۇدى ئەرەبىستان ئىككى دۆلەت سودىسى يىلدىن - يىلغا ئاشماقتا

1995 - يىلى قازاقىستان بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 806 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 613 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى. 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى سودا سوممىسى 11 مىليون 573 مىڭ 900 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 11 مىليون 426 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 146 مىڭ 900 ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل سودا سوممىسى قازاقىستان بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ سودا مۇناسىۋىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يەتمەيدىكەن. قازاقىستان مول تەبىئىي بايلىق زاپىسىغا ئىگە. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ بولسا دېھقانچىلىق، نېفىت - خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قانۇن ئىككى تەرەپنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا كاپالەت بېرىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ بىر قىسىم شىركەتلىرى قازاقىستاندا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغىلى تۆت يىل بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئۇيۇشمىلىرى 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرى سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

# قازاقىستان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ

زۇڭتۇڭ نازار بايېۋ سىنگاپورنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە سىنگاپورنىڭ ھازىرقى زۇڭلىسى ۋە سابىق زۇڭلىسى لى گۇاڭياۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە سىنگاپورنىڭ قاتناش مىنىستىرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قاتناش باشلاش توغرىسىدىكى كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

«ئىقتىساد يولۋىسى» دەپ نام ئالغان ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى قازاقىستانغا نىسبەتەن ئىنتايىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. مەزكۇر رايون بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەڭ يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىلىق، تېز سۈرئەتتىكى ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى قوللىنىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ، زور بىر قىسىم مەبلەغنى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىكىگە جەلپ قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. قازاقىستان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ۋە ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا كۆزەتكۈچى ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ، نازار بايېۋنىڭ مالاييا ۋە سىنگاپور رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنىڭ ئەڭ

مۇھىم مەزمۇنىنىڭ بىرى . ھىندونېزىيە ، جۇڭگو ، كورىيەلەر بىلەن بۇندىن خېلى بۇرۇنلا مۇزاكىرىلىشىپ بولغان .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ياش دۆلەتلەر تەشەببۇس قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن . بۇ ، شەرقىي ئاسىيادىن باشلاپ ياۋروپاغىچە بولغان تۆمۈر يول قاتنىشى لايىھىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق . ئاسىيا قىتئەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ، سىنگاپوردىن باشلىنىپ مالايسىيا ، جۇڭگونى بېسىپ ياۋروپاغا بارىدىغان تۆمۈر يول پىلانى ، 1996 - يىل 3 - ئايدا باڭكوكتا ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ يىغىنلى بىر قېتىملىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي رايونى جامائەتچىلىكىنىڭ ماختاپ قوللىشىغا ئېرىشكەن . بۇ تۆمۈر يول قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ .

## قازاقىستان كاسپىي دېڭىزىدا غايەت زور نېفىت تەبىئىي گاز زاپىسىنى بايقىدى

كاسپىي دېڭىزىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بوسۇغىسىنى يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق زاپىسى 10 مىليارد توننا كېلىدىغان نېفىتلىك ۋە 1 تىرىللىئون 900 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز زاپىسى بايقالدى . مەزكۇر ماتېرىيال بويىچە ئانالىز قىلغاندا قازاقىستاننىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى نېفىت زاپىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفىتلىكنىڭ بىرى بولغان تېڭگىز نېفىتلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىچكى قۇرۇقلۇق نېفىتلىكىنىڭ 10 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن . ئەگەر بۇ ماتېرىيال ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانسا ، ئۇنداقتا قازاقىستان بۇ نېفىتلىكنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ ، بۇ نېفىتلىك روسىيىدىكى ئېنىقلىنىپ بولغان نېفىت زاپىسىدىن ( روسىيىنىڭ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 8 مىليارد توننا ) كۆپ بولىدۇ .

قازاقىستاننىڭ كاسپىي دېڭىز چوڭ قۇرۇقلۇق بوسۇغىسىدىكى نېفىت زاپىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كاسپىي دېڭىزى چارلاش مالىيە گۇرۇھى قۇرۇلدى . مۇتەخەسسىسلەر ھازىرچە ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسىنىڭ بۇنچىلىك كۆپلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ، بۇ خىزمەت باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ يەرنىڭ نېفىت زاپىسى 4 مىليارد توننىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان ئىدى . ھەقىقىي توغرا ماتېرىيالغا 1997 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ . تۇنجى قېتىملىق نېفىت قېزىش 2003 - يىللا ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ . كاسپىي دېڭىزىنىڭ 38 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان سۇ ساھىلىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1993 - يىلى باشلانغان ئىدى . مالىيە گۇرۇھى چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن شىركەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن .

## قازاقىستاننىڭ 5 - سودا بانكىسى ۋەيران بولدى

چەت ئەلنىڭ 8 - ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە « قازاقىستان ھەقىقەت گېزىتى » نىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىگە قارىغاندا ، قازاقىستان دۆلەتلىك بانكىنىڭ باشلىقى ئالىيېۋىچ جاندوسوۋ ، قازاقىستاننىڭ 5 - چوڭ سودا بانكىسى — قارا مۇز بانكىسىنىڭ ئىگىلىكىنى ياخشى باشقۇرمىغانلىق

ۋە قەرزىنى تۆلىيەلمىگەنلىك تۈپەيلىدىن 7 - ئۆكتەبر ۋەيران بولغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقىنى ئېيتقان. قازاقىستان 5 - چوڭ سودا بانكىسى پاي تۈزۈمىدىكى بانكا بولۇپ، كاپىتالى 7 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يېتىدۇ؛ 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە مەزكۇر بانكا 2 مىليارد تەڭگە ( تەخمىنەن 29 مىليون دوللار ) زىيان تارتىپ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئارتىپ كەتكەن. قازاقىستان دۆلەت بانكىسى قەرز تۆلەش كومىتېتىنى قۇرۇپ، قاراموز بانكىسىنىڭ مال - مۈلۈك ۋە قەرز ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. دۆلەت بانكىسىنىڭ ۋەيران بولۇش ماددىلىرىغا ئاساسلانغاندا، قەرز تۆلەش 1997 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدىكەن. شەخسىي ئامانەت پۇلى ئالدى بىلەن تۆلىنىدىكەن.

## مەڭگۈلۈك توپ سېتىش بازارلىرى

روسىيىنىڭ بىر قىسىم چوڭ شەھەرلىرىدە يېمەكلىك توپ سېتىش بازارلىرى قۇرۇلدى ھەم ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. مەيلى دېھقانچىلىق ئورگانلىرى بولسۇن ياكى سودا ئورۇنلىرى بولسۇن ھەممىسى بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتناشتى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى يېمەكلىك مۇتەخەسسىسلىرى روسىيىنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى — TACC مۇخبىرلىرىغا بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا بۇ خىل بازارلار دۆلەتنىڭ يېمەكلىك بازارلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى شۇنداقلا سودا ئوبوروتىدا مۇھىم يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ سودا سوممىسى نەچچە يۈز تىرىللىئون رۇبلىغا يېتىدىكەن.

مۇخبىرلار بازارنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكىنى بىر نەچچە تۈرگە بۆلدى. ئەگەر مۇسكۋا، سانكىت - پېتېربورگ ۋە بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەردە كۆپ قىسىم خېرىدارلار ھەر خىل ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك ۋە بۇيۇملارنى سېتىۋالايدۇ دېسەك، ئۇنداقتا نۇرغۇن مەركىزى شەھەرلەردىكى روسىيىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىك مەھسۇلاتلىرى تۈرلىرىنىڭ خىللىقى، سۈپىتى ۋە باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بولۇپمۇ گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىك، كونسېرۋا، كولباسالار تەمى ۋە سۈپىتى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى خىزمەتچىلەر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ۋولگا گراد شەھىرىدىكى ھاكىمىيەت كۈچەيتىلدى، يەتتە ئۇلار دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار، مەھسۇلات ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانا گۇرۇھلىرىنى بازار ئەتراپىغا يىغدى. يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ئەرزان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى قوللايدۇ ۋە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

توپ سېتىش بازىرىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا مۇخبىر ماختاش پوزىتسىيىسىدە نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى باھالىدى. ھازىر روسىـ

يىلىك ئىستېمالچىلار ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارغا ئانچە قىزىقمايدىغانا بولدى . بۇ يېزا ئىگىلىك مىنىسترلىكىدىكى خادىملار چىقارغان يەكۈن .

## ئۆزبېكىستاننىڭ يېنىك سانائىتى پۇختا قەدەملەر بىلەن راۋاجلانماقتا

موسكۋا خەۋىرى : « روسىيە سودا ـ سانائەتچىلەر گېزىتى » نىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، ئۆزبېكىستان يېنىك سانائەت مىنىسترلىكىنىڭ مەبلەغ سېلىش كېڭىشىش يىغىنى يېقىندا تاشكەنتتە ئېچىلغان . مۆلچەرلىنىشىچە ، بۇ مىنىسترلىك 1997 ـ يىلى 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېلىدىغان مەبلەغقە ئىگە بولىدىكەن .

ئۆزبېكىستاننىڭ يېنىك سانائىتى پۈتۈن دۆلەت سانائىتىنىڭ 20% نى ئىگىلەيدۇ ، بۇنىڭغا ئاساسلىق مەبلەغ سالغۇچىلار تۈركىيە ، ياپونىيە ، كورىيە ، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىقلار . ھۆكۈمەت ھازىر يېنىك سانائەت مىنىسترلىكىنىڭ بىر تۈر تەرەققىيات پىلانىنى تەستىقلىدى ، بۇنىڭدا ، پاختا تالاسىدىن ئىشلەپچىقىرىدىغان پۈتكەن مەھسۇلاتنى 100 مىڭ تونىنغا كېڭەيتىشكە تەييارلىق قىلدى . ئېكسپورت ئىقتىدارىنى ئۆتكەن يىلقى قىممىتى 50 مىليون دوللاردىن 1998 ـ يىلى 250 مىليون دوللارغا يەتكۈزمەكچى .

## كورىيە تۆت خىل خام ئەشيانىڭ ئىمپورت بېجىنى بىكار قىلدى

كورىيە مالىيە ئىقتىساد مەھكىمىسى يېقىندا قارار ماقۇللاپ كورىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ مانگان ، مىس ، سىنىك قاتارلىق مېتاللارنىڭ رۇدىلىرى ، خام يۇڭ ، قەغەز بوتقىسى ۋە كېرەكسىز پولات ـ تۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ھازىرغا قەدەر ، ئىمپورت نورمىسى بويىچە ھېسابلىغاندا ، كورىيىنىڭ ئىمپوت قىلغان ئاساسىي خام ئەشيالىرىنىڭ 80% تىدىن « تاموژنا بېجى ئالماسلىق » يولغا قويۇلغان .

96 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ، كورىيە ئىسلىق كۆمۈر ، پىششىقلانمىغان ياغاچ ، تۆمۈر رۇدىسى ، خام پاختا ، تەبىئىي كاۋچۇك ۋە چويۇن قاتارلىق ئالتە خىل خام ئەشيادىن ئىمپورت تاموژنا بېجى ئالماسلىق تەدبىرىنى قوللانغان ئىدى .

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى ( قوش ئايلىق ژۇرنال )

1997 - يىللىق 1 - سان (ئومۇمىي 72 - سان )

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشر قىلغۇچى: شۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تۈزگۈچى: « ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى » تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1133/N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 132 پوچتا نومۇرى: 830011

تېلېفون نومۇرى: (0991) 3837994 باھاسى: 3 يۈەن

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر